# مېنىڭ گۈزەل دىنىم

## (پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىمەن)

3



ئەركام نەشرىياتى

# مېنىڭ گۈزەل دىنىم

3

نەشرگە تەييارلىغۇچى: دوكتور فارۇق كانگەر
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئاراپاتگۈل ئوسمان

پەيغەمبىرىمنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىمەن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: دوكتور فارۇق كانگەر

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئاراپاتگۈل ئوسمان

تەھرىرى: ئۆمەرجان توختى

ئالاقىلىشىش ئادرېسى:

astane3@gmail.com

# كىرىش سۆز

ئۇ، ئاللاھنىڭ ئاخىرقى ئەلچىسىدۇر!
ئۇ، دۇنيادا نۇرغۇن كىشىنى ھەيران قالدۇرغان بىر ئادەمدۇر!
زېمىندا مۇسۇلمان بالىلارغا ئەڭ كۆپ قويۇلغان ئىسىم ئۇنىڭ ئىسمىدۇر!
ھازىرغىچە ھېچكىم ئۇنىڭدەك ياخشى كۆرۈلۈپ باقمىدى!
ئۇ، ئىسمى ئەڭ كۆپ زىكىر قىلىنغان، ئىسمى تىلغا ئېلىنغاندا ئەڭ كۆپ دۇئا قىلىنغۇچىدۇر!
مۇسۇلمانلار ئۇنى سېغىنغاندەك باشقا بىر ئادەمنى سېغىنىپ باقمىدى!
ئۇنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىنغاندەك باشقا بىراۋغا ئىتائەت قىلىنىپ باقمىدى!

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇنيانى ئىللىتىپ يورۇتقان قۇياشقا ئوخشايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبى ئىمان نۇرى بىلەن نۇرلاندى. پەيغەمبىرىمىز بىزگە رەببىمىزنى تونۇتتى. كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنى سۆيدۈردى.

مۆمىنلەرنىڭ قەلبى رەسۇلۇللاھنىڭ سۆيگۈسىگە تولدى، ئۇنىڭ سۆيگۈسى ئاساسىدا مۆمىنلەر ئۆزئارا قېرىنداش بولدى. رەسۇلۇللاھ بىزگە ئۆگەتكەن ئىبادەت ۋە گۈزەل ئەخلاق ئارقىلىق رەببىمىزنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىمىز. شۇڭا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش، ئۇنى تونۇش، ئۇنىڭ كۆڭۈل دۇنياسىدىن سىرغىپ چۈشكەن مېھرى-مۇھەببەت، مەرتلىك، كەمتەرلىك، تەقۋادارلىق قاتارلىق خىسلەتلەردىن بىر ئۈلۈش نېسىۋە ئېلىش ئەڭ مۇھىم غايىمىز بولۇشى كېرەك.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن دەرسلىك كىتاب سۈپىتىدە تەييارلانغان بۇ ئەسەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن باشلاپ ئاخىرەت ئالىمىگە كۆچۈپ كېتىشىگىچە بولغان جەرياندىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

**"مېنىڭ گۈزەل دىنىم 1 ـ 2"** دە ئىبادەتلەر، **"مېنىڭ گۈزەل دىنىم 3 ـ 4"** تە ئىمان ئاساسلىرى بايان قىلىنغانىدى. **"مېنىڭ گۈزەل دىنىم 5"** تە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىغا يەر بېرىلدى.

ئاددى ۋە راۋان ئۇسلۇبتا، يىغىنچاق شەكىلدە يېزىلغان بۇ ئەسەر ھەقىقىي يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن مەلۇمات بېرىدۇ. تېكىست ئىچىدە مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك بەزى سوئاللار قويۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ سوئاللارغا بېرىدىغان جاۋابى ئۇلارنىڭ بۇ دەرسنى ئىچكى ھېسسىياتىغا سىڭدۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈشىنى ئاسانلاشتۇرۇش بىلەن بىرلىكتە كىتابقا جانلىق تۈس قوشىدۇ.

تۆت بابتىن تەركىب تاپقان بۇ كىتابتا ھەر بابنىڭ ئاخىرىدا تەكرارلاش سوئاللىرى بار. توغرا جاۋابنى تاللاپ جاۋاب بېرىدىغان كۆنۈكمە، مەشىقلەر، شۇنداقلا ئاتالغۇلار ۋە مەخسۇس ئىسىملارنى پىششىق ئۆگىنىشكە ياردەم بېرىدىغان سۆز ئويۇنى تېپىشمىقى قاتارلىقلار ئارقىلىق بۇ دەرسنى كۆڭۈللۈك ھالدا ئۆگىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلدۇق. بۇ كىتاب ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن بىر دەرس كىتابى ھەمدە بىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە لايىھىلەندى. مەزمۇننى قىسمەن بولسىمۇ تەسۋىرلەپ بېرىشى، ئوقۇرمەننىڭ زېھنىدە تەسەۋۋۇر قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى ئۈچۈن بەزى رەسىملەر قىستۇرۇلغان بۇ كىتابىمىزنى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ھۆرمەت بىلەن تەقدىم قىلىمىز.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىبادەت بىلەن ئۆتكەن، كۆڭۈللۈك ۋە پاك-پاكىز ھاياتىدىن، گۈزەل ئەخلاقىدىن نېسىۋە ئېلىشىمىزنى تىلەپ:

تەھرىر ھەيئىتى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باب

**1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرىكى ھاياتى** ........ **10**
1) ئىسلام دىنى كېلىشتىن ئاۋۋالقى ئەرەبىستان ۋە مەككە ........ 10
2) كەبە ........ 11
3) پىل ۋەقەسى: ئەبرەھەنىڭ كەبىگە ھۇجۇم قىلىشى (مىلادى 571 ـ يىلى) ........ 11
**2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىق ۋاقتى** ........ **14**
1) دۇنياغا كېلىشى ........ 14
2) پاك نەسەبى ........ 14
3) ئىنىكئانىغا بېرىلىشى ........ 14
4) مەدىنە سەپىرى ........ 15
**3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلىق مەزگىلى ۋە نىكاھلىنىشى** ........ **16**
1) شام سەپىرى ........ 16
2) «ھىلفۇل فۇدۇل» جەمئىيىتى (پەزىلەتلىكلەر بىرلەشمىسى)گە ئەزا بولۇشى ........ 18
3) تىجارەت قىلىشى ........ 19
4) خەدىچە بىلەن ئۆيلىنىشى ........ 19
5) كەبىدە دەۋا ئايرىشى ........ 20
**4. پەيغەمبەرلىككە تەيىنلىنىشى ۋە ئىسلامغا دەۋەت** ........ **21**
1) تۇنجى ۋەھيى ۋە پەيغەمبەرلىك (مىلادى 610 ـ يىلى) ........ 21
**ئوقۇشلۇق:** پەقەتلا ئۇنۇتالمىدىم ........ 23
2) پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى (613 ـ 614 ـ يىللار) ........ 24
3) پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك بەدىنى ۋە تەڭداشسىز گۈزەللىگى ........ 25
**5. مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى باشلاندى** ........ **26**
1) مەسخىرە ۋە ھاقارەتلەر ........ 26
**ئوقۇشلۇق:** سەزگۈر قەلب ........ 27
2) قىيىن ـ قىستاق دەۋرى ........ 28
**ئوقۇشلۇق:** پۈتكۈل مەخلۇقات ئۇنى تونۇيتتى ........ 29
**6. ئىجادلىق يولى: ھەبەشىستانغا ھىجرەت** ........ **30**
**7. ھەزرىتى ھەمزە بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمان بولدى** ........ **33**
**ئوقۇشلۇق:** ئىككى تاغا ........ 35
**8. ئىنساپسىز مۇشرىكلار ئېمبارگو قىلىشنى قارارلاشتۇردى** ........ **36**
1) ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەر ........ 37
2) ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە ئېمبارگونىڭ ئاخىرلىشىشى ........ 38
**سوئاللار** ........ **39**
**توغرا جاۋابنى تاللاش** ........ **41**
**تېپىشماق** ........ **44**

## ئىككىنچى باب


**1. ئازابلىق يىللار** ........ **46**
1) ئەبۇ تالىب بىلەن خەدىچىنىڭ ۋاپاتى ........ 46
2) تائىف سەپىرى ۋە ۋەھشىلەشكەن سەقىف ئاھالىسى (مىلادى 620 ـ يىلى) ........ 47
**ئوقۇشلۇق**: كۆز ياشلىرى بولاق بولدى ........ 48
**2. رەسۇلۇللاھ ئىنسانلارنى ئىسلامغا چاقىرماقتا** ........ **49**
1) ئەقەبەدە ئۇچرىشىش ۋە بەيئەتلەر ........ 50
2) بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى (مىلادى 621 ـ 622 ـ يىللار) ........ 54
3) ئىسرا ۋە مىراج مۆجىزىسى (621 ـ يىلى) ........ 54
4) مۆجىزىلەرنى كۆرگەن مۇشرىكلارنىڭ تەرسالىقى ........ 54
**3. ئاخىرقى چارە: ھىجرەت، مەككىدىن ھەسرەتلىك ئايرىلىش** ........ **56**
1) مۇشرىكلارنىڭ قورقۇنچلۇق پىلانى ........ 57
2) سۈيىقەستچىلەر ھەرىكەتكە ئۆتتى ........ 58
3) غاردىكى ئۈچ كۈن ........ 59
**ئوقۇشلۇق**: پىلان چىقىۋالدى ........ 60
4) مەدىنىگە يېتىپ كېلىش ۋە تۇنجى جۈمە نامىزى ........ 61
5) ئاي تۇغدى ئۈستىمىزگە ........ 62
**4. يېڭى ۋەتەن مەدىنىدىكى تۇرمۇش (622 ـ يىلى)** ........ **63**
1) مەسجىدى نەبەۋىنىڭ بىنا قىلىنىشى ........ 63
**ئوقۇشلۇق**: كۆز ياشلىرى ئىچىدە ........ 64
2) مەسجىدتە يېتىپ قوپۇپ ئىلىم ئۆگىنىدىغان كەمبەغەل ساھابىلەر: ئەسھابى سۇففە ........ 64
3) تۇنجى ئەزان ........ 64
4) تەڭداشسىز قېرىنداشلىق ........ 66
**ئوقۇشلۇق**: خالىغىنىڭنى تاللىۋال قېرىندىشىم ........ 67
5) مۇشرىكلارنىڭ تۈگىمەس ئاداۋىتى ........ 67
6) ئۇرۇشقا رۇخسەت بېرىلدى (623 ـ 624 ـ يىللار) ........ 68
**5. بەدر ئۇرۇشى (624 ـ يىلى)** ........ **69**
1) تۈگىمىگەن دۈشمەنلىك ........ 69
2) ئۇرۇشقا قەدەممۇ ـ قەدەم يېقىنلىشىش ........ 71
3) ئۇرۇش باشلاندى ........ 73
4) ئاللاھقا ئىشەنچ قىلغۇچىلارنىڭ غەلبىسى ........ 74
**ئوقۇشلۇق**: ھەتتا دۈشمەنگىمۇ مېھرى ـ شەپقەت قىلىش ........ 74
5) بەدىردە ئەسىرگە چۈشكەن مۇشرىكلار ........ 75
**سوئاللار** ........ **76**
**توغرا جاۋابنى تاللاش** ........ **78**
**تېپىشماق** ........ **80**

## ئۈچىنچى باب


**1. ئۇھۇد ئۇرۇشى (625 ـ يىلى) ..... 82**
1) قىساس ئوتىدا كۆيگەن مۇشرىكلار ..... 82
2) دۈشمەن قوشۇنى يېقىنلاشقاندا ..... 83
3) مۇناپىقلارنىڭ خائىنلىقى ..... 83
4) بۇيرۇققا بويسۇنمىغان ئوقچىلار ..... 84
5) پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ھەمزىنىڭ شېھىت بولۇشى ..... 85
6) رەسۇلۇللاھ ئۆلتۈرۈلدىمۇ؟ ..... 86
**2. رەجى ۋەقەسى ۋە مائۇنە قۇدۇقى پاجىئەسى (625 ـ يىلى) ..... 87**
1) پىداكار ئىسلام مۇئەللىملىرى ..... 87
2) خائىنلىق ئۈستىگە خائىنلىق ..... 89
**3. ھاراق بىلەن قىمار شەيتاننىڭ ئىشى ..... 90**
**ئوقۇشلۇق**: خىجىل بولدى ..... 91
**4. ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ئىزىنى ئىزدەپ ماڭغان يىگىت ..... 92**
1) ئوتقا چوقۇناتتۇق ..... 92
2) ھەيران قالدىم ..... 92
3) شام سەپىرىدە ..... 93
4) ئاخىرقى پەيغەمبەرنى ئىزدەش ..... 95
5) «پەيغەمبەرمەن» دەيدۇ ..... 95
**5. ئەيىپ ۋە گۇناھتىن قوغدايدىغان يېپىنچا ..... 96**
**6. خەندەك ئۇرۇشى (627 ـ يىلى) ..... 97**
1) مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ..... 97
2) خەندەك قېزىلىۋاتىدۇ ..... 97
**ئوقۇشلۇق**: ئۇ سەندىن ياخشى بىلىدۇ ..... 98
3) قىيىن كۈنلەر ..... 99
4) مۇھاسىرىنىڭ ئاخىرلىششى ..... 100
**7. ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمى (628 ـ يىلى) ..... 102**
1) مۇسۇلمانلار كەبىنى سېغىندى ..... 102
2) مەككىلىكلەرنىڭ ئالاقزادە بولۇشى ..... 102
3) تىنچلىق كېلىشىمى ئۈچۈن كۆرۈشۈش ..... 103
4) رىزۋان بەيئىتى ..... 104
5) ئىمزالانغان تىنچلىق كېلىشىمى ..... 104
6) يۈرەكنى داغلىغان ۋەقە ..... 105
**ئوقۇشلۇق**: جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ..... 106
**8. ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەلچىلەر ۋە مەكتۇپلار ئەۋەتىش (628 ـ 629 ـ يىللار) ..... 107**
1) ۋىزانتىيە پادىشاھى ھېرەقلىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ..... 107

2) ئىران پادىشاھى خۇسرەۋ پەرۋىزنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ........................................ 109
3) ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ئەسھەمەگە مەكتۇپ ........................................ 109
**9. خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى (628 ـ يىلى)........................................ 110**
1) خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلغۇسى بار ........................................ 110
2) خەيبەر قەلئەلىرى پەتھى قىلىندى ........................................ 110
3) رەسۇلۇللاھتىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن سۇيىقەست قىلىش ........................................ 112
**10. ئۆزۈن يىللاردىن كېيىن كەبىنى تاۋاپ قىلىش (629 ـ يىلى) ........................................ 113**
**11. مۇئتە ئۇرۇشى (629 ـ يىلى) ........................................ 114**
1) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسلامغا دەۋەت قىلىش
ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئۆلتۈرۈلدى ........................................ 115
2) دۈشمەننىڭ كۈچى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تەڭداشسىز جاسارىتى ........................................ 117
3) شاھادەت شەربىتى ئىچىش نۆۋىتى ........................................ 117
**ئوقۇشلۇق:** جافەرنىڭ يېتىملىرى ........................................ 119
**سوئاللار ........................................ 120**
**توغرا جاۋابنى تاللاش ........................................ 122**
**تېپىشماق ........................................ 125**

## تۆتىنچى باب

**1. مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى (630 ـ يىلى)........................................ 128**
1) مۇشرىكلار ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىنى بۇزدى ........................................ 128
2) ئىسلام قوشۇنىنىڭ پەتھ ئۈچۈن تەييارلىنىشى ۋە مەككىگە سەپەر قىلىشى ........................................ 130
3) كەبە بۇتلاردىن پاكىزلاندى ........................................ 132
4) قېرىنداشلىق ۋە ئەپۇ كۈنى........................................ 135
**ئوقۇشلۇق:** سادىق دوست مۇشۇنداق سۆيىدۇ ........................................ 135
**2. ھۇنەين ئۇرۇشى (630 ـ يىلى) ........................................ 136**
1) ھەۋازىنلىقلارنىڭ ئەندىشىسى........................................ 136
2) ئىسلام قوشۇنى تۇزاققا چۈشكەندە ........................................ 137
3) ئىنسانلارنىڭ ئەڭ باتۇرى ........................................ 139
4) ئۇرۇشتىكى ئەسىرلەر ۋە ئولجا ئېلىنغان قىممەتلىك ماللار ........................................ 140
**ئوقۇشلۇق:** تەسۋىرلىگۈسىز مەرتىلىك........................................ 142
**3. ئەلچىلەر يىلى (630 ـ 631 ـ يىللار) ........................................ 143**
**4. ئەڭ قىيىن سەپەر: تەبۇك سەپىرى (630 ـ يىلى) ........................................ 144**
1) ئۇرۇش تەييارلىقى ........................................ 144
**ئوقۇشلۇق:** قان يۇقى مونچاق ........................................ 146
2) ئۇچرىمىغان دۈشمەن ۋە مەدىنىگە قايتىش ........................................ 147
3) تەبۇك سەپىرىگە قاتناشمىغانلار........................................ 148
**ئوقۇشلۇق:** پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ........................................ 148

**5. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج ئىبادىتى (631 ـ يىلى)................................................149**
**6. ۋىدالىشىش ھەججى (632 ـ يىلى)........................................................150**
**7. رەسۇلۇللاھنىڭ ئاغرىپ قېلىشى ۋە دۇنيادىن خوشلىشىشى ............................153**
1) قېرىنداشلىرىمنى سېغىندىم ........................................................153
**ئوقۇشلۇق**: ئاخىرقى ئالتە دىنار ....................................................154
2) ئەڭ ئاخىرقى نەسىھەتى...............................................................155
3) ئاخىرقى ناماز ........................................................................155
4) رەببى بىلەن ئۇچرىشىش...............................................................156
5) ئالەمنى ماتەم قاپلىدى ...............................................................157
**سوئاللار.......................................................................................158**
**توغرا جاۋابنى تاللاش......................................................................160**
**تېپىشماق ....................................................................................162**
**جاۋابلار .....................................................................................163**





## بىرىنچى باب

- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرىكى ھاياتى
- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىق ۋاقتى
- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلىق مەزگىلى ۋە نىكاھلىنىشى
- پەيغەمبەرلىككە تەيىنلىنىشى ۋە ئىسلامغا دەۋەت
- مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى باشلاندى
- نىجادلىق يولى: ھەبەشىستانغا ھىجرەت
- ھەزرىتى ھەمزە بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمان بولدى
- ئىنساپسىز مۇشرىكلار ئەمبارگو قىلىشنى قارارلاشتۇردى



# 1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرىكى ھاياتى

### 1) ئىسلام كېلىشتىن ئاۋۋالقى ئەرەبىستان ۋە مەككە

ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەر قەبىلىلەر ھالىتىدە ياشايتتى. تېخىچە بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ، بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقالمىغان ئىدى. بىر قانچە شەھەردىن باشقا، ئادەتتە چۆلدە چېدىر تىكىپ كۆچۈپ يۈرۈپ ياشايتتى.

ھىجاز رايونىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۈچ شەھەر مەككە، مەدىنە ۋە تائىف شەھىرى ئىدى. بۇ شەھەرلەردە قەبىلىلەر ئارىسىدا قان دەۋاسى، چېگرا مەسىلىسى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن داۋاملىق ئۇرۇش-جېدەل بولۇپ تۇراتتى.

مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇتقا چوقۇناتتى. ئۆزى ياسىغان ھەيكەللەرگە ئىلاھ دەپ ئىبادەت قىلاتتى. مەككىدە كەبە ئەتراپىدا 360 بۇت تىكلەنگەن بولۇپ، ھەر قەبىلىنىڭ ئايرىم بۇتى، ھەر بۇتنىڭ مەخسۇس بىر تاۋاپ كۈنى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بىر يىل ئىچىدىكى ھەر كۈنى بۇتلارنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەر بىلەن تولۇپ تاشقان مەككە شەھىرى بىر سودا-سېتىق مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇتپەرەستلىكنىڭمۇ مەركىزى بولغان ئىدى. ئەرەبىستاندا بۇتپەرەستلەردىن باشقا يەنە يەھۇدىلار، خرىستىئانلار ۋە مەجۇسىيلار (ئاتەشپەرەستلەر) بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا ئىنتايىن ئازساندا بىر تۈركۈم كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن دىنني ئەقىدە بويىچە يالغۇز بىر ئاللاھقا چوقۇنىدىغان «ھەنىفلەر» ئىدى.

ئەرەپلەر ئارىسىدا ساۋاتسىزلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇلاردا مەرتلىك، مېھماندوستلۇق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، دۈشمىنى بولسىمۇ ئۆزىدىن پاناھلىق تىلىگۈچىگە پاناھلىق بېرىش، جاسارەت قاتارلىق بەزى ئېسىل خىسلەتلەر بار ئىدى. لېكىن بۇلاڭچىلىق، جازانىخورلۇق، بايلارنى چوڭ بىلىپ، كەمبەغەللەرنى كەمسىتىش، ھاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق، قەبىلىۋازلىق تۈپەيلى قان تۆكۈش قاتارلىق ناچار ئىشلارمۇ ئىنتايىن ئەۋج ئالغانتى.

ئەرەبلەر قۇللار بىلەن ئاياللارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيتتى. ئەرلەر قانچىلىك ئايال بىلەن ئۆيلىنىشنى خالىسا شۇنچىلىك ئايال بىلەن ئۆيلىنەلەيتتى. پاھىشىۋازلىق، زىناخورلۇق كەسىپلەشكەن ئىدى.

بەزى ئادەملەر نامراتلىق ۋە ئابرويى تۆكۈلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ قىز بالىلىرىنى كىچىك چېغىدا تىرىك كۆمۈپ ئۆلتۈرەتتى. ئىسلامنىڭ ھارپىسىدا پەقەت ئەرەبلەر بىلەن ئەرەبىستاندىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادا ئېغىر زۇلۇم، ناھەقچىلىق ۋە جاھالەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ماددى ۋە مەنىۋى قىيىنچىلىقلار ئىچىدە ئېزىلىۋاتقان ئىنسانلار بىر يولباشچى، قۇتقۇزغۇچىنىڭ كېلىشىنى كۈتىۋاتاتتى. قۇرئانى-كەرىم بۇ قاراڭغۇ جاھىلىيەت زامانىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى.» (رۇم سۈرىسى 41-ئايەت)

### 2) كەبە

كەبە يەر يۈزىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇنجى سېلىنغان بىر ئۆي بولۇپ، بۇنى مىلادىدىن تەخمىنەن 2000 يىل ئىلگىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىنا قىلغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۇنجى تاۋاپنى ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە قىلىپ، پۈتۈن ئىنسانلارنى ھەجگە، كەبىنى زىيارەت قىلىشقا دەۋەت قىلغان. كەبە بىنا قىلىنىپ نۇرغۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاتا بوۋىلىرىدىن قۇسەي ئىسىملىك كىشى مەككە شەھرىنى بەرپا قىلغان. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان كەبە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەۋھىد ئېتىقادى (ئاللاھنى بىر دەپ ئىشىنىدىغان ئېتىقاد) نىڭ ئۇنتۇلۇشىغا ئەگىشىپ بۇتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن.

### 3) پىل ۋەقەسى: ئەبرەھەنىڭ كەبىگە ھۇجۇم قىلىشى (مىلادى 571 ـ يىلى)

ھەبەشىستانغا تەۋە يەمەننىڭ ھۆكۈمدارى ئەبرەھە ئەرەبىستاندا خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ۋە ئەرەبلەرنى كەبىنى زىيارەت قىلىشتىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن سەنئا شەھرىدە بىر ھەيۋەتلىك چېركاۋ بىنا قىلدۇردى. ئەبرەھەنىڭ نىيىتى كەبىگە كېتىۋاتقان ئىنسانلارنى بۇ يەرگە جەلىب قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق پۇل تېپىش ئىدى. لېكىن ئەھۋال ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى. ئەرەبلەر بۇ چېركاۋغا قىزىقمىدى. ھەتتا كىنانە قەبىلىسىدىن بىر ئەرەب بىر كېچە مەخپىي ھالدا بۇ چېركاۋغا كىرىپ تەرەت قىلىپ قويدى. ئەبرەھە ئاچچىغىدىن يېرىلاي دەپ قالدى. بۇنى باھانە قىلىپ زور بىر قوشۇن تەشكىللەپ مەككىنى ئىستىلا قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئەرەبلەرنىڭ بۇ قوشۇنغا قارشى تۇرغۇدەك ماجالى يوقتى. مەككىلىكلەر شەھەرنى تاشلاپ ئەتراپتىكى تاغلارغا چىكىنىپ پاناھلاندى.

ئەبرەھە مەككىگە يېقىن يەردە قارارگاھ قۇردى. قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئابدۇلمۇتتەلىبكە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قان تۆكۈش ئۈچۈن كەلمىگەنلىكى، پەقەتلا كەبىنى چېقىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ پەيتتە ئەبرەھە قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئەسكەرلىرى مەككىلىكلەرنىڭ مال-چارۋىلىرىنى بۇلاپ قارارگاھقا ئېلىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭمۇ 700 تۇياق تۆگىسى بار ئىدى. ئابدۇلمۇتتەلىب ئەبرەھەنىڭ يېنىغا بېرىپ، بۇلانغان تۆگىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەبرەھە:

- مەن تېخى سېنى كەبىنى يىقماق دەپ يالۋۇرۇپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن. قارىسام سەن تۆگىلىرىڭنىڭ كويىدا يۈرۈپسەن. مېنىڭچە بۇ ساڭا بەك ياراشمىدىغۇ دەيمەن؟ - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇلمۇتتەلىب جىددى ۋە قەتئىي هالدا:

- مەن تۆگىلەرنىڭ ئىگىسىمەن. تۆگىلىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن. كەبىنىڭ بىر ئىگىسى بار. ئۇنى ئىگىسى قوغدايدۇ! - دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبرەھە ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ تۆگىلىرىنى ۋە مەككىلىكلەرنىڭ بۇلانغان ماللىرىنى قايتۇرۇپ بەردى.

قۇرئانى-كەرىمدە بايان قىلىنغاندەك، ئەبرەھە مەقسىتىگە يېتەلمىدى. كەبىنى چېقىش ئۈچۈن هۇجۇم قىلىۋاتقاندا ئەبرەھە ھەر سەپەرگە چىققاندا بىللە ئېلىپ ماڭىدىغان ماخمۇت ئىسىملىك چوڭ پىل بىلەن باشقا پىللار ئۆزىنى يېتىلەپ ماڭغۇچىلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقىغا پەرۋا قىلماستىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. كەبە تەرەپكە قاراپ قەدەم باسقىلى ئۇنىمىدى.

ئابدۇلمۇتتەلىب ئەگەر بۇ جاۋابنى سىزگە بەرگەن بولسا، سىز قانداق ئويلايتتىڭىز؟

................................................................................

................................................................................



دەل بۇ پەيتتە ئاسماندا بىر توپ قۇشلار پەيدا بولدى. ئۇلار ئېغىز ۋە تىرناقلىرىدا ئېلىپ كەلگەن كىچىك شېغىل تاشلارنى كەبىنى يىققىلى كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ بېشىغا تاشلىدى. ئەبرەھەنىڭ قوشۇنلىرى تىرىپىرەن بولدى. ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى نەق مەيداندا ئۆلدى. ئەبرەھە بىلەن بىللە قېچىپ قۇتۇلغان ئازغىنا ئەسكەر مىڭبىر تەسلىكتە سەنئاغا قايتتى. لېكىن ئەبرەھە ئېغىر بىر كېسەلگە مۇبتىلا بولۇپ ساقايماي ئۆلدى.

بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا ماڭغان پىللار سەۋەبلىك بۇ ۋەقە «پىل ۋەقەسى» دەپ ئاتالدى. بۇ ۋەقە رەسۇلۇللاھنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن 52 كۈن ئاۋۋال مەيدانغا كەلگەن ئىدى.

كۈچلۈك پىللار بىلەن قۇراللانغان بىر ھەربى قوشۇننىڭ كىچىككىنە قۇشلار بىلەن تارمار قىلىنىشى سىزنىڭچە نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

..............................................................................................

..............................................................................................

# 2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىق ۋاقتى

## 1) دۇنياغا كېلىشى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىلادى 571-يىلى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى دۈشەنبە سەھەردە توغۇلدى. دۇنيا ۋە ئىنسانىيەت ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن شەرەپكە ئېرىشتى. قەمەرىيە كالېندارى بويىچە بۇ كۈن رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12-كۈنى ئىدى. ئابدۇلمۇتتەلىب نەۋرىسى توغۇلغاندا مېھمان چاقىرىپ مەرىكە قىلدى. بالىنىڭ ئىسمىنى سورىغۇچىلارغا: «ئىسمىنى مۇھەممەد قويدۇم. ئاسماندا ئاللاھ، زېمىندا خەلق ئۇنى ياخشىلىق بىلەن ياد ئېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. ئانىسى ئۇنى «ئەھمەد» دېدى. «مۇھەممەد»نىڭ مەنىسى «پەزىلەتلىرى ماختالغۇچى، ياخشى تەرىپلەنگۈچى، مەدھىيىلەنگۈچى كىشى»؛ «ئەھمەد»نىڭ مەنىسى «ئاللاھتائالانى ئۇلۇغ سۈپەتلىرى بىلەن مەدھىيىلىگۈچى، ھەمدۇ-سانا ئوقۇغۇچى كىشى» دېگەنلىكتۇر. ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە پەيغەمبىرىمىزنى بۇ ئىسىملار بىلەن تىلغا ئالغان.

## 2) پاك نەسەبى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ، ئانىسى ۋەھبىنىڭ قىزى ئامىنەدۇر. دادىسى ئابدۇللاھ مەككىدە قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بەنى ھاشىم جەمەتىدىن، ئانىسى بەنى زۆھرە جەمەتىدىن ئىدى. بۇ ئىككى جەمەت ئەسلىدە بىر قانچە ئەجداد ئىلگىرى بىر نەسەبتىن بولۇپ، تېگىدىن مەككىلىك ئىدى. پەيغەمبىرىمىز، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن كەلگەنتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەسەبى پاك ۋە شەرەپلىك بولۇپ، بىر ھەدىس شەرىپتە: «مەن ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ پاك نەسلىدىن دۇنياغا كەلدىم» دېگەن. (بۇخارى، «مەناقىب»، 23)

پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ ئۇ، دۇنياغا كېلىشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى سۈرىيەدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا مەدىنىدە ئاغرىپ ۋاپات بولدى ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. ۋاپات بولغاندا 25 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئوغلىنىڭ يۈزىنى كۆرۈش نېسىپ بولمىدى. ئەلۋەتتە بۇ مۇبارەك يېتىم بالىمۇ دادىسىنى پەقەت كۆرەلمەي دادا ھەسرىتىدە چوڭ بولدى.

## 3) ئىنىكئانىغا بېرىلىشى

بۇ نۇرلۇق بوۋاقنى ئانىسى ئامىنە يەتتە كۈن ئېمىتتى. سۈتى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن تاغىسى ئەبۇلەھەبنىڭ چۆرىسى سۇۋەيبە خاتۇن ئېمىتىشكە باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭغا ھەقىقى ئىنىكئانا بولغىنى ھەلىمە ئىدى. مەككىنىڭ ھاۋاسى دىمىق بولغانلىقى ئۈچۈن مەككىلىكلەر يېڭى توغۇلغان بوۋاقلىرىنى ھاۋاسى ياخشى سەھرالاردىكى ئىنىكئانىلارغا سۈت ھەققىنى بېرىپ ئېمىتىشكە تاپشۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن بالىلار تېخىمۇ ساغلام ھالدا تېز چوڭ بولغاچ، ساپ ئەرەپچىنى پاساھەتلىك سۆزلەشنى ئۆگىنەلەيتتى. پەيغەمبىرىمىزمۇ بۇ ئادەت بويىچە سۈت ئانىسى ھەلىمىگە بېرىلدى. ھەلىمە دەسلەپتە بىر يېتىم بالىغا ئىنىكئانا بولسا بەك پايدا ئالالمايدىغانلىقىنى ئويلىدى. لېكىن تۇنجى قاراشتىلا ئامراق بولۇپ

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا ئاتا شەپقىتىدىن مەھرۇم ھالدا ياشىغانلىقى ئۇنىڭغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن؟

..........

..........

دادىسىنى پەقەتلا كۆرەلمىگەن پەيغەمبىرىمىز كىچىك چېغىدا ئانىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن نېمىلەرنى ھېس قىلغاندۇ؟

.......................................................................................................................

.......................................................................................................................

قالغان بۇ بوۋاقنىڭ ئۆيگە بەرىكەت ۋە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ قوچىقىغا ئالدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنى ئۆزىنىڭ بالىلىرىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆردى. ئېلىمداش قېرىندىشى شەيما ئانىسىغا ئۇنىسى بېقىپ بېرەتتى. بۇ نۇرلۇق بالا تۆت ياشقا كىرگۈچە ئىنىكئانىسىنىڭ يېنىدا قالدى. ھەلىمە ئۇنى تۆت يېشىدا مەككىگە ئاپىرىپ ئانىسى ئامىنىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

## 4) مەدىنە سەپىرى

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت ياشتىن ئالتە ياشقىچە ئۆز ئانىسىنىڭ يېنىدا قالدى. ئامىنە بۇ نۇر يۈزلۈك ئوغلىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئوغلى ئالتە ياشقا كىرگەندە ئۇنى ۋە سادىق خىزمەتچىسى ئۇممۇ ئەيمەننى ئېلىپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. مەقسىدى ئېرى ئابدۇللاھنىڭ قەبرىسىنى ئوغلى بىلەن بىرلىكتە زىيارەت قىلىش ئىدى. مەدىنىدىكى تۇققانلىرى بەنى نەججارنىڭ ئۆيىدە بىر ئاي مېھمان بولدى. قايتىشىدا مەدىنىگە 37 كىلومېتىر كېلىدىغان جەنۇپتىكى ئەبۋا دېگەن جايدا ئاغرىپ قالدى. تېخى تۇغۇلماي تۇرۇپلا دادىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان ئوغلى مۇھەممەدنى تاشلاپ، ئۇ دۇنياغا كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بۇ مېھرىبان ئانا ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ سۆيدى. ئۇنىڭ غۇبارسىز كۆزلىرىگە قاراپ:

ـ ھەر يېڭى نەرسە كونىرايدۇ. ھەر پانى نەرسە يوقىلىدۇ. مەنمۇ ئۆلۈپ كېتىمەن. لېكىن ئازابلانمايمەن. چۈنكى كەينىمدە نەسلىمىزنى مەڭگۈ ياشىتىدىغان بىر سالىھ ئەۋلادىم بار.ـ دېگەن مەنىدە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىر ئوقىدى.

ئامىنىنىڭ خىزمەتچىسى ئۇممۇ ئەيمەن بۇ نۇر يۈزلۈك بالىنى ئېلىپ مەككىگە ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ يېنىغا ئاپاردى. ئالتە ياشتىن سەككىز ياشقا كىرگۈچە بولغان ئارلىقتا ئۇنى ئابدۇلمۇتتەلىب باقتى. لېكىن ئابدۇلمۇتتەلىب سەكسەن ياشتىن ئاشقان بىر بوۋاي ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇمۇ ۋاپات بولدى. يېتىم نەۋرىسى بۇ چاغدا سەككىز ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى نەۋرىسىنى بېقىپ چوڭ قىلىش ئىشىنى ئوغلى ئەبۇ تالىبقا ھاۋالە قىلدى.

# 3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلىق مەزگىلى ۋە نىكاھلىنىشى

پەيغەمبىرىمىز سەككىز ياشتىن يىگىرمە بەش ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ھىمايىسىدە قالدى. ئەبۇ تالىب ئەقىللىق ۋە مەرت ئادەم ئىدى، باي ئەمەستى. ئەمما ئېسىللىگى ۋە خەيرىخاھلىقى، باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان پەزىلىتىنى ھەممە كىشى ھۆرمەتلەيتتى. ئەبۇ تالىب جىيەنى مۇھەممەدنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، يېنىدىن ھېچ ئايرىمايتتى.

## 1) شام سەپىرى

مەككىنىڭ ئىقلىمى تېرىقچىلىق قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەككىلىكلەر تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى، بالىلىرىغىمۇ كىچىك چېغىدىن باشلاپلا تىجارەت قىلىشنى ئۆگىتەتتى. تىجارەت كارۋانلىرى ياز پەسلىدە شامغا، قىش پەسلىدە يەمەنگە سەپەر قىلاتتى. ئەبۇ تالىبمۇ باشقا مەككىلىكلەردەك كارۋاندا بېرىپ كېلىپ تىجارەت قىلاتتى. بىر قېتىم ئەبۇ تالىب شامغا بارماقچى بولغاندا جىيەنىنى مەككىدە قويۇپ قويماقچى بولدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاغىسىدىن ئايرىلىش ئېغىر كەلدى. كۆڭلى يېرىم بولغان پەيغەمبىرىمىز يىغلاشقا باشلىدى.

سىز ئۇنىڭ ئورنىدا بولسىڭىز، يالغۇز تاشلاپ قويۇلىدىغانلىقىڭىزنى بىلگىنىڭىزدە، قانداق تۇيغۇغا كېلەرسىز؟

..............................................................................

..............................................................................

ئەبۇ تالىب:

- ئەي ئوغلۇم، سېنى ئېلىپ بارمىغانلىقىم ئۈچۈن يىغلاۋاتامسەن؟ - دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقان ھالدا:

- جېنىم تاغا، سەن مېنى كىمگە تاشلاپ كېتىۋاتىسەن؟ مېنىڭ يا دادام، يا ئانام بولمىسا؟

- دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ تالىب قاتتىق تەسىرلىنىپ:

- ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، سېنىمۇ بىللە ئېلىپ بارىمەن. بۇندىن كېيىن بىر-بىرىمىزدىن ھەرگىز ئايرىلمايمىز. - دېدى.

سىز بۇ چاغدا ئۇ يەردە بولغان بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

..............................................................................

..............................................................................



پەيغەمبىرىمىز بۇ چاغدا ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن ئىدى. شامنىڭ جەنۇبىغا 90 كىلومېتىردەك ئارىلىقتىكى بۇسرا (قەدىمي شام) دېگەن ناھىيىدە «بەھىرا» ئىسىملىك بىر خرىستىئان راھىب بار ئىدى. ناھىيە بازىرىغا كېلىپ كېتىۋاتقان كارۋانلار بىلەن قىلچىلىك كارى يوق تۇرۇغلۇق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە كېلىۋاتقان كارۋاننى كۈتۈۋېلىپ، كارۋاندىكى بارلىق كىشىلەرنى مېھمان قىلدى. بەھىرا ئۆزى ئوقۇغان مۇقەددەس كىتابلاردىن ئۆگەنگىنى بويىچە بۇ ئۆسمۈر مۇھەممەدنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ كەلگۈسىدە پەيغەمبەر بولىدىغانلىق ئالامىتىنى ھېس قىلغان ئىدى. بەھىرا پەيغەمبىرىمىز بىلەن سۆزلەشتى، ئۇنىڭدىن بەزى سوئاللارنى سورىدى، جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كەلگۈسىدە بىر پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى. شام سەپىرىنىڭ بۇ ئۆسمۈر بالا ئۈچۈن خەتەرلىك بولۇش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەبۇ تالىبقا:

– بۇ بالا ئاخىرقى پەيغەمبەر بولىدۇ. شامدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئالامەتلىرىنى بىلىدىغان كاھىنلار بار. ئەگەر ئۇنى تونۇپ قالسا، جېنىغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن يانمايدۇ. بۇ بالىنى ئەڭ ياخشىسى شامغا ئېلىپ بارماڭلار. – دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ تالىب شامغا بارماي قايتىش قارارىغا كەلدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 17 ياشقا كىرگەندە تاغىسى زۇبەير ۋە ئاbbاس بىلەن

بىرلىكتە يەمەنگە بارىدىغان بىر كارۋانغا قوشۇلدى.

### 2) «ھىلفۇل فۇدۇل» جەمئىيىتى (پەزىلەتلىكلەر بىرلەشمىسى)گە ئەزا بولۇشى

ئۇ زامانلاردا مەككىدە جەمئىيەت تەرتىۋى بەكلا قالايمىقان ئىدى. ئوغرى، بولاڭچىلار كۆپىيىپ كەتكەنتى. كىشىلەردە جان ۋە مال بىخەتەرلىكى قالمىغانتى. ھەتتا شەھەرگە كەلگەن چەتئەللىك تىجارەتچىلەرنىڭ ماللىرىمۇ تالان-تاراج قىلىنغانتى.

ۋائىل بىن ئاس ئىسىملىك بىر بولاڭچى مەككىگە سودا قىلغىلى كەلگەن يەمەنلىك تىجارەتچىنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى بولاپ ئېلىپ قاچقان بولۇپ، بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىغان يەمەنلىك تىجارەتچى ئادەم ئەبۇ قۇبەيىس تېغىغا چىقىپ، ئۆزى ئۇچرىغان ناھەقچىلىقنى بايان قىلىپ، بۇنىڭغا قارشى بارلىق قەبىلىلەردىن ياردەم سورىدى. ئۇنىڭ پەريادىنى ئاڭلىغانلاردىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى زۇبەير قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كاتتىلىرىنى چاقىردى. نۇرغۇن كىشى جۇدئان بىن ئابدۇللاھنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى. ئۇلار ئۆزئارا: «مەككىدە زۇلۇم قىلىشقا يول قويماسلىققا، مەيلى چەتئەللىك بولسۇن، ياكى يەرلىك بولسۇن، ھېچقانداق ئادەمگە ئۇۋال قىلدۇرمايمىز» دەپ ئەھدىلەشتى. زۇلۇمغا ئۇچرىغان مەزلۇملارغا ياردەم قىلىشقا قەسەمياد قىلىشتى. يەمەنلىك سودىگەرنىڭ ھەققىنى ۋائىل بىن ئاستىن ئېلىپ بەردى. مەككىدە بىخەتەرلىك ئورناتتى. بۇ ئەھدىلەشمە ۋە بىرلەشمە «ھىلفۇل فۇدۇل» دەپ ئاتالدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غىرىپ-مىسكىن، مەزلۇملارنىڭ ھەققىنى قوغدايدىغان بۇ جەمئىيەتكە تاغىلىرى بىلەن بىللە پىدائىي بولۇپ قاتناشتى.



مەككىدە ھەق-ئادالەت تىكلەش، ناھەقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باشقا ئەزالار بىلەن بىرلىكتە تىرىشتى. بۇچاغدا ئۇ 20 ياشتا ئىدى.

### 3) تىجارەت قىلىشى

بارلىق مەككىلىكلەرگە ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ تاغىسى بىلەن بىللە تىجارەت قىلغانتى. ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىدە ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقى، يالغانچىلىق قىلغانلىقىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغانتى. باشقىلارغا زىيان سالىدىغان ھېچقانداق ئىش قىلىپ باقمىغانتى. ھېچكىمنى رەنجىتمىگەنتى. شۇڭا، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە دۇرۇسلۇقى تىللاردا داستان بولغانتى. بۇ سەۋەبتىن مەككىلىكلەر ئۇنى «ئەلئەمىين» (ئىشەنچلىك ئادەم) دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئېسىل ئەخلاقى پەزىلىتىنى، نامىنى مەككىدىكى باي ئايال خەدىچىمۇ ئاڭلىغان ئىدى. ھەممە كىشى ئەخلاقىغا ھەيران بولىدىغان بۇ ياش يىگىتكە خەدىچە دەسمايە بېرىپ شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شېرىكلىشىش باشلاندى.

### 4) خەدىچە بىلەن ئۆيلىنىشى

خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىچە گۈزەل ئەخلاقلىق، ئەقىللىق ۋە ئېسىل بىر ئايال ئىدى. 39-40 ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، باي، چىرايلىق ۋە ھەممە كىشىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن ئابرويلۇق ئايال ئىدى. ياش تۇرۇپلا تۇل قالغانتى. قۇرەيشنىڭ چوڭلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا نۇرغۇن لايىق چىققان بولسىمۇ، ئۇ ھېچقايسىسىغا ياتلىق بولۇشقا قوشۇلمىغانتى. ئۆزى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان ئادەملەرگە دەسمايە بېرىپ، شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىپ تۇرمۇشىنى قامدايتتى. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرىكى لەقىمى «پاك-پاكىز ئايال» دېگەن مەنىدە «تاھىرە» ئىدى. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن «خەدىچەتۇل كۇبرا» دەپ ئاتالدى. خەدىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن شېرىكلىشىپ قىلغان تىجارەتتە كۆپ پايدا تاپتى.

خەدىچە پەيغەمبىرىمىزنى ياقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەكلىپى قويدى. چوڭلارنىڭ مۇۋاپىق كۆرۈشى بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، بەختلىك بىر ئائىلە قۇردى. خەدىچە ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاقى ۋە تەڭداشسىز روھىنى نامايەن قىلدى. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى ئىدى. خەدىچە پەيغەمبىرىمىزگە چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت بىلەن باغلاندى. پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەم قىلدى.

ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن 2 ئوغۇل، 4 قىز، جەمئىي 6 پەرزەنتى دۇنياغا كەلدى. بالىلىرىنىڭ ئىسمى قاسىم، زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممۇ گۇلسۇم،

پاتىمە ۋە ئابدۇللاھ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قاسىم بىلەن ئابدۇللاھ كىچىك ياشتا ۋاپات بولدى. قىزلىرى ھەممىسى ياشىدى، چوڭ بولدى. لېكىن پاتىمىدىن باشقىسى پەيغەمبىرىمىزدىن ئىلگىرى ۋاپات بولدى.

## 5) كەبىدە دەۋا ئايرىشى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان كەبە ئۇزۇن يىللار جەريانىدا يامغۇر، كەلكۈن ۋە قۇم-بوران سەۋەبى بىلەن خارابىگە ئايلىنىپ يىقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. رېمونت قىلىنمىسا بولمايتتى. مەككىلىكلەر كەبە بىناسىنى يىقىپ، يېڭىۋاشتىن سېلىشقا نىيەت قىلدى، ئىئانە يىغدى. لازىملىق ماتېرىياللار ھەممىسى تويلاندى. قۇرۇلۇش تۈگىگەندىن كېيىن «ھەجەر ئەسۋەد»نى، يەنى ئۇ چاغدىكى ئەرەبلەر جەننەتتىن كەلگەنلىكىگە ئىشىنىدىغان قارا تاشنى ئورنىغا قويۇش نۆۋىتى كەلگەندە پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمىدى. مەككىدىكى بارلىق قەبىلىلەر بۇ شەرەپنىڭ ئۆزىگە ئائىت بولۇشىنى خالايتتى. تالاش-تارتىش 4 كۈن داۋاملاشتى. ھەر قەبىلە بۇ مۇقەددەس تاشنى ئورنىغا قويۇشنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى. قان تۆكۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مويسىپىت كىشى ئەبۇ ئۇمەييە «ھەرەم ئىشىكىدىن تۇنجى بولۇپ كىم كىرسە، شۇ كىشى بۇ دەۋانى ئايرىپ قويسۇن،

سىز سوتچى بولسىڭىز، بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلاتتىڭىز؟

..............................................................................................

..............................................................................................

ھەممىمىز ئۇنىڭ قازىلىقىغا بويسۇنايلى» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپ قوبۇل قىلىندى. بىر ئازدىن كېيىن ئىشىكتىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ كەلدى. تالاش-تارتىش قىلىشۋاتقان ئەرەبلەر ئۇنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇشال بولۇشتىكى، «ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەم كەلدى، ئۇنىڭ قازىلىقىغا رازىمىز!» دەپ توۋلاشتى. پەيغەمبىرىمىز كەلگەندە ئۇنىڭغا ئەھۋالنى بايان قىلىشتى.

پەيغەمبىرىمىز بۇ زىل ئەھۋالدا ئىنتايىن ئاقىلانە بىر تەدبىر بىلەن بۇ تالاش-تارتىشنى ھەل قىلدى.

ھەجەر ئەسۋەد قويۇلغان رەختنىڭ ئۇچىنى قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىغا تۇتقۇزدى. باشقا تەرىپىنى ھەر قەبىلىنىڭ ۋەكىلى تۇتۇشتى. ھەممەيلەن بىللە كۆتۈرۈپ تاش قويىدىغان يەرگە ئېلىپ كېلىشتى. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاشنى مۇبارەك قولى بىلەن ئېلىپلا ئورنىغا قويدى. تالاش-تارتىشلارنىڭ قان تۆكۈلمەستىن تىنچ ھەل بولۇشى ھەممەيلەننى خۇشال قىلدى. ئىش كۆرگەن، تەجرىبىلىك قەبىلە رەئىسلىرىمۇ ھەل قىلىشتا ئاجىز كەلگەن مەسىلىنى ھەممەيلەن رازى بولغۇدەك دەرىجىدە بىرتەرەپ قىلىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىلىكلەر ئارىسىدىكى ئابرويىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. پەيغەمبىرىمىز بۇ چاغدا 35 ياشقا كىرگەنىدى.



# 4. پەيغەمبەرلىككە تەيىنلىنىشى ۋە ئىسلامغا دەۋەت



## 1) تۇنجى ۋەھيى ۋە پەيغەمبەرلىك (مىلادى 610 ـ يىلى)

40 ياشقا يېقىنلاشقاندا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆڭلىدە يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە نۇر تېغىدا ھىرا غارىغا كىرىپ كۈنلەرچە قالاتتى. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتى، تەڭداشسىز ئۇلۇغلۇقىنى تەپەككۇر قىلاتتى. غاردا تۇرىدىغان چېغىدا يەيدىغان ۋە ئىچىدىغان نەرسىلىرىنى بىللە ئېلىپ باراتتى، ئۇزۇق ـ تۈلۈكى تۈگىگەندە ئۆيىگە قايتىپ، كېيىن يەنە تەكرار غارغا باراتتى. ئاللاھتائالا ئۇنى مۇقەددەس بىر ۋەزىپىگە، يەنى پەيغەمبەرلىككە تەييارلاۋاتاتتى. بۇ كىچىك ھىرا غارى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر خىل «پەيغەمبەرلىك دەرسخانىسى» بولغانىدى. بۇ پەيتتە بەزى پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسىلەن، بەزى چاغلاردا قۇلىقىغا «سەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىسەن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىناتتى، بىراق ئەتراپقا قارىسا، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. بەزىدە

كۆرگەن چۈشى شۇ پېتى رېئاللىققا ئايلىناتتى. بۇ ھالەت 6 ئاي داۋاملاشتى.

610-يىلى رامىزان ئېيىنىڭ قەدىر كېچىسى ھىرا غارىدا يەكتەكنى يېپىنچاقلاپ ئولتۇرغاندا بىر ئاۋازنىڭ «مۇھەممەد» دەپ چاقىرىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. بېشىنى كۆتىرىپ ئەتراپقا قارىدى. ھېچكىم يوقتى. بۇ چاغدا ئەتراپنى بىر نۇر قاپلىدى. پەيغەمبىرىمىز چىدىيالماي بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقىنىدا ئالدىدا تۇرغان ۋەھيى پەرىشتىسى جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى كۆردى. پەرىشتە ئۇنىڭغا:

- ئوقۇ! - دېدى. ئۇ:

- مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن. - دەپ جاۋاب بەردى.

پەرىشتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قاتتىق سىقتى. «ئوقۇ!» دېگەن بۇيرۇقنى تەكرارلىدى. پەيغەمبىرىمىز يەنە:

- مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن. - دەپ جاۋاب بەردى. پەرىشتە بۇيرۇقنى تەكرارلاپ، ئۈچىنچى قېتىم ئۇنى سىققاندىن كېيىن تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى ئوقىدى:

«سېنى ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ! ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، رەببىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ ئىنسانغا قەلەم بىلەن (خەت) يېزىشنى ئۆگەتتى. ئىنسان بىلمەيدىغاننى بىلدۈردى.» (ئەلەق سۈرىسى 1-5-ئايەتلەر)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرىشتىگە ئەگىشىپ بۇ ئايەتلەرنى تەكرارلىدى. ھاياجانلانغان ۋە قورققان ھالدا غاردىن چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. يولدا كېتىۋاتقاندا ئاسماندىن «ئەي مۇھەممەد، سەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن بولسام جىبرائىل» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ جىبرائىل ئەلەيھىسسالامنى كۆردى. قورققان ھالدا ئۆيىگە باردى. ئايالى خەدىچىگە: «مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، تېزدىن مېنى يۆگەپ قويۇڭلار» دېدى. بىردەم ئارام ئېلىپ ھاياجىنى بېسىققاندىن كېيىن كۆرگەنلىرىنى ئايالىغا سۆزلەپ بەردى. كېيىن غەمكىن ھالدا:

- ئەي خەدىچە، ماڭا بىر كىم ئىشىنەرمۇ؟ - دېدى. خەدىچە ئۇنىڭغا مۇنداق تەسەللىي بەردى:

- ئۇنداق دېمە. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ سېنى ھەرگىز يامان ئاقىۋەتكە قويمايدۇ. چۈنكى سەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭغا كۆيۈنىسەن، ئىشىنى قىلالمىغان ئاجىزلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىسەن. پېقىر-يوقسۇللارغا ياردەم قىلىسەن، يېتىمنىڭ ھەققىنى قوغدايسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىسەن.... - دېگەندىن كېيىن:

«ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، سەن ئۇچرىغان ۋەقەنىڭ بىر ياخشى ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە ئىشىنىمەن» دەپ، ئاخىر زامان پەيغەمبىرىگە تۇنجى ئىمان ئېيتقان ۋە قوللىغان كىشى بولدى.

تۇنجى ۋەھيى كەلگەندىن كېيىن، ۋەھيى بىر مەزگىل توختاپ قالدى.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«سېنى ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ! ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، رەببىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ ئىنسانغا قەلەم بىلەن (خەت) يېزىشنى ئۆگەتتى. ئىنسان بىلمەيدىغاننى بىلدۈردى.»

(ئەلەق سۈرىسى 1-5-ئايەتلەر)

خەدىچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟

..............................................................................

..............................................................................

بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە كەلگەن پەرىشتىنى يەنە كۆردى. قورقۇش بىلەن ھاياجان ئارىلاش بىر ھېسسىياتتا ئۆيىگە قايتتى. ئۇ چاغدا ئۆيدىكىلەرگە «مېنى دەرھال چۆمكەپ قويۇڭلار» دېدى. بۇ پەيتتە جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتلەرنى ۋەھيى قىلدى: «ئى كىيىمگە چۆمكىنىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) ئورنۇڭدىن تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن. رەببىڭنى ئۇلۇغلا! كىيىمىڭنى پاك تۇت. ناچار ئىشلاردىن يىراق تۇرغىن!» (مۇددەسسىر سۈرىسى 1-5-ئايەتلەر)

ۋەھيى نازىل بولۇشى بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇردى. بولغان ئىشلارنى ئايالى خەدىچىگە سۆزلەپ بەردى. خەدىچە سالماق ۋە تەمكىن بىر ئايال ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە پاك ھاياتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىزگە ئىككىلەنمەي ئىمان ئېيتقان خەدىچىنىڭ كەينىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ يېقىن دوستى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى زەيد، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئەلى ۋە ھەزرىتى ئوسمان ئىمان ئېيتىپ، تۇنجى مۇسۇلمانلاردىن بولدى.

## پەقەتلا ئۇنۇتالمىدىم

پەيغەمبىرىمىزدىن گۈزەل ئەسلىمىلەر قالغان بەزى ئۆسمۈر ساھابىلەر بار ئىدى. بۇلاردىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ بىن ئابباس بىر ئەسلىمىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەملا دەرھال يېنىغا بېرىپ بىللە ناماز ئوقۇيتتىم. ھالبۇكى، ئۇ چاغلاردا نامازنى قانداق ئوقۇشنى تولۇق بىلمەيتتىم. بىر كۈنى كېچىسى رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى، ھاماچام مەيمۇنەنىڭ ئۆيىدە قالغانتىم. ئۇ كېچە رەسۇلۇللاھ ئۇ ئۆيدە بار ئىدى. خۇپتەن نامىزىنى ھەممەيلەن بىرلىكتە جامائەت بولۇپ ئوقىدۇق. ئاندىن رەسۇلۇللاھ بىردەم ئۇخلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. ھاماچاممۇ ئويغانغان ئىدى. ئۇلار مېنى ئۇخلاۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى. بىراق مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىشتىپ تۇراتتىم. رەسۇلۇللاھ ماڭا قاراپ:

-بۇ بالا ئۇخلاۋاتىدۇ. - دېدى. مەن دەرھال كۆزۈمنى ئېچىپ كۈلۈپ:

- مەنمۇ تۇرايچۇ. - دېدىم.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ نامازغا تاھارەت ئالدىم. پەيغەمبىرىمىز مېنى ئوڭ تەرىپىدە تۇرغۇزدى. ھامام كەينىمىزدە تۇردى، بىرلىكتە جامائەت بولۇپ ناماز ئوقىدۇق. ئۇ كېچە ئوقىغان نامازنى ۋە ئۇنىڭدىن ئالغان مەنىۋى لەززەتنى تاكى ھازىرغىچە پەقەتلا ئۇنۇتالمىدىم. (بۇخارى، «ئىلىم»، 41)

## 2) پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى (613 ـ 614 ـ يىللار)

مەككىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ بۇ يېڭى دىنغا قاتتىق قارشى چىقىدىغانلىقىنى پەيغەمبىرىمىز ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا دەسلەپكى ئۈچ يىلدا پەيغەمبىرىمىز خەلقنى دىنغا مەخپىي دەۋەت قىلدى. ئەگەر دەسلەپكى يىللاردا خەلقنى ئىسلامغا ئاشكارا چاقىرىپ، كونا دىنىڭلارنى تاشلاپ يېڭى دىنغا كىرىڭلار دېگەن بولسا، كۆپىنچىسى پېقىر ـ يوقسۇل، غېرىپ ـ مىسكىن، قۇل ـ مالايلاردىن تەركىب تاپقان دەسلەپكى مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى ۋە قىيىن ـ قىستاقلىرىغا دۇچار بولغان بولاتتى. دەرۋەقە، مۇشرىكلار خەلق ئارىسىدا بەزىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلگەندە ئۇلارنى ئىسلامدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ۋاستىلارنى قوللىنىپ، ئۇلارنى قىيىنغان ئىدى. مەخپىي دەۋەت يىللىرىدا دەسلەپكى مۇسۇلمانلار يېڭى مۇسۇلمان بولغان ئەرقام بىن ئەبىل ئەرقامنىڭ ئۆيىگە مەخپىي يىغىلىشقا باشلىدى. «ئەرقامنىڭ ئۆيى» مەنىسىدىكى «دارۇل ئەرقام» مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى مەكتىپى، تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بولدى. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشرىكلار كۆرمىسۇن دەپ مۇشۇ ئۆيدىن چىقماي تۇراتتى. يېڭىغا كەلگەنلەرگە ئىسلامنى چۈشەندۈرەتتى. ئۆزىگە نازىل بولغان قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ ئۆگىتەتتى. ئاندىن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇيتتى. دىنغا مەخپىي ھالدا دەۋەت قىلغان بۇ ئۈچ يىل داۋامىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 30 كىشىگە يەتتى. نىھايەت، پەيغەمبەرلىكنىڭ 4 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاللاھتائالا پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھيى نازىل قىلىپ كىشىلەرنى ئىسلامغا ئاشكارا دەۋەت قىلىشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەلقنى ئاشكارا ھالدا ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئۆزىگە نازىل بولغان ئايەتلەرنى كەبىگە بېرىپ ئۈنلۈك ئوقۇدى.

پەيغەمبىرىمىزگە «ئاۋۋال يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن» (شۇئەرا سۈرىسى، 214) ئايىتى نازىل بولۇشى بىلەن قەبىلىسىدىكى بارلىق كىشىلەرنى سەفا ئېگىزلىكى ئالدىغا يىغدى. ئۇلارغا: «ئەي مەككە خەلقى، سىلەرگە شۇ تاغ باغرىدا ياكى شۇ ۋادىدا دۈشمەن ئەسكەرلىرى بار، سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ دېسەم، ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى سىناپ باقتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى:

ـ شۇنداق! ئىشىنىمىز. چۈنكى ھازىرغىچە سەندىن يالغان گەپ ئاڭلاپ باقمىدۇق. سەن يالغان گەپ قىلمايسەن. «مۇھەممەدۇل ئەمىين» (راستچىل مۇھەممەد) دېگەن لەقەمنى ساڭا بىز قويدۇق. ـ دېيىشتى. ھەتتا بەزىلەر تاغنىڭ ئارقىسىدا راستلا بىر قوشۇن كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قورقۇپ كېتىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: «ئۇنداقتا مەن سىلەرگە يېقىن كەلگۈسىدە قاتتىق ئازابلىق بىر كۈن بولىدىغانلىقىنى، ئاللاھقا ئىشىنىپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلمىغانلارنىڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىق خەۋىرىنى ئېيتاي. قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ئىلاھ يوقتۇر. مەن ئاللاھنىڭ سىلەرگە ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىمەن». پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سۆزىگە كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ قاتتىق قارشى چىققۇچى كىشى ئەبۇ لەھەب بولدى. ئەبۇ لەھەب:

ـ ھەي ئۆلگۈر! بىزنى مۇشۇ گەپ ئۈچۈن چاقىردىڭمۇ؟ ـ دەپ پەيغەمبىرىمىزنى

ھاقارەت قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ لەھەب ۋە ئۇنىڭ سۇخەنچى خوتۇنى توغرىسىدا تەببەت سۈرىسى نازىل بولدى. بۇ سۈرىدە ئاللاھتائالا پەيغەمبىرىمىزگە ئىگە چىقتى. ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال-مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بوينىدا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ.» (تەببەت سۈرىسى 1-5-ئايەتلەر)

## 3) پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك بەدىنى ۋە تەڭداشسىز گۈزەللىكى

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بويى ئېگىزگە مايىل ئوتتۇرا بوي بولۇپ، كېلىشكەن، سۇمباتلىق ئىدى. پۇت-قولى قاملاشقان، مۈرىسى كەڭ ئىدى. دۈمبىسىدە ئىككى تاغاق سۆڭىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيغەمبەرلىك مۆھرى (تامغىسى) بار ئىدى. سۆڭەك بوغۇملىرى چوڭراق، بەدىنى گۆلدەك خۇشپۇراق، يۈزىنىڭ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل، نۇرلۇق ۋە يېپەكتەك سىلىق، يۇمشاق ئىدى. ھەمىشە ئىنتايىن پاكىز يۈرەتتى. خۇشپۇراق نەرسە ئىشلەتسۇن ياكى ئىشلەتمىسۇن، ئۇنىڭ بەدىنى، تەرلىرى داۋاملىق گۈزەل پۇرايتتى، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. بىر كىشى ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، كۈن بويى ئۇ كىشىنىڭ قولىمۇ خوش پۇرايتتى. خۇددى ئەتىرگۈل خۇشپۇرىقىنى ئۇنىڭدىن ئالغاندەك قىلاتتى. پەيغەمبىرىمىز قانداقلا بىر بالىنىڭ بېشىنى سىلىغان بولسا، بۇ بالا گۈزەل پۇرىقى بىلەن باشقا بالىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. پەيغەمبىرىمىز تەرلىسە، بۇ تەر شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك گۈللەرنىڭ ئۈستىدىكى شەبنەمدەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. ساقىلى قارا ۋە قويۇق بولۇپ، ساقىلىنى بىر تۇتامدىن ئاشۇرمايتتى. ۋاپات بولغان چېغىدا چاچ-ساقاللىرىغا يىگىرمە تالدەك ئاق سانچىلغان ئىدى. قاشلىرى ھىلال ئايدەك بولۇپ، ئىككى قېشىنىڭ ئارىسى ئۇزاق ۋە ئوچۇق ئىدى. ئىككى قېشىنىڭ ئارىسىدا بىر تومۇر بولۇپ، بىرەر ناھەقچىلىقنى كۆرۈپ ئاچچىقلانغان چېغىدا بۇ تومۇر كۆپۈپ چىقاتتى. چىشلىرى رەتلىك تىزىلغان ئۈنچە مارجاندەك پارقىراق ۋە ئاپپاق بولۇپ، دائىم مىسۋاك ئىشلىتەتتى. ساھابىلىرىگە ۋە ئۈممىتىگە داۋاملىق مىسۋاك ئىشلىتىشنى بۇيرىغان ئىدى. كىرپىكلىرى ئۇزۇن ۋە قارا ئىدى. كۆزى چوڭ بولۇپ، كۆزىنىڭ قارىسى قارا، ئېقى ئاق ئېنىق ئايرىلغان ئىدى. ئاللاھتائالا خۇددى ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇ توغۇلۇشى بىلەنلا بىر سۈرمە تارتىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندە، ئۇنىڭ تەڭداشسىز ۋە مۇكەممەل روھىي گۈزەللىكلىرى بولغىنىدەك، بەدەن ۋە يۈز گۈزەللىكى، ئۆزىگە خاس سالاپىتىنىمۇ ھېچكىمگە سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. (ھاكىم، 3-جىلد، 10؛ ئىبنى كەسىر، «ئەلبىدايە»، 4-جىلد، 31-33)

پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىر دەۋردە ياشاشنى خالامسىز؟ ئۇنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلامسىز؟

..............................................................................................

..............................................................................................

## 5. مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى باشلاندى

مەككىدە ئىسلام كۈنسېرى تارقىلىشقا باشلىدى. لېكىن مەككىلىك مۇشرىكلار بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولدى. ئىلگىرى بىرلىكتە بۇتقا چوقۇنغان بەزى كىشىلەر ئەمدىلىكتە باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتاتتى. مۇشرىكلار بۇ يېڭى دىنغا كىرگەن مەككىلىكلەرنى بوش قويۇۋەتمەسلىككە بەل باغلىدى. مۇشرىكلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنىڭ خاتا بولۇشى مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇش ئىدى. شۇڭا يېڭىدىن مۇسۇلمان بولىۋاتقانلارغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق بېسىم ۋە قىيىن-قىستاق يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

### 1) مەسخىرە ۋە ھاقارەتلەر

مەككىلىك مۇشرىكلار دەسلەپتە پەيغەمبىرىمىزگە بەك دىققەت قىلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى مەككىلىكلەر قوبۇل قىلمايدۇ دەپ قارايتتى. شۇڭا، پەيغەمبىرىمىزگە ئىمان ئېيتقان ئۇ ئاز سانلىق كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىدى، ئۇلارنى كۆرگەنلا يەردە تىللاپ ھاقارەت قىلىشتى.

قۇرئانى-كەرىم بۇنى بىزگە بايان قىلىپ بەردى:

«كاپىرلار ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلەتتى. (مۆمىنلەر) ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى. ئۆيلىرىگە قايتقاندا (مۆمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ) مەزە قىلغان ھالدا قايتىشاتتى. مۆمىنلەرنى كۆرگەندە: «بۇلار شەكسىز ئاداشقانلار» دېيىشەتتى.»

(مۇتەففىفىن سۈرىسى 29-32-ئايەتلەر)

لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپەيگەنسېرى مۇشرىكلارنىڭ مۇئامىلىسىمۇ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. دەسلەپتە كۆزگە ئىلمىغان، مەسخىرە قىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە ھاقارەت قىلىشقا باشلىدى. بىر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە تەھدىت دەپ ھېسابلىدى. چۈنكى مۇشرىكلار بىر كۈنى ئۆزىنىڭ بالا-چاقىلىرىنىڭمۇ مۇسۇلمانلار سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىسلامغا بولغان غەزەپ-نەپرىتى تېخىمۇ ئاشتى. يەنە بىر تەرەپتىن مەككە بۇتپەرەستلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم دىني مەركىزى ئىدى. مەككىنىڭ كاتتىۋاشلىرى بۇ ئىناۋەتنىڭ يېنىدا تىجارەتتىنمۇ كۆپ پايدا تاپاتتى. چۈنكى شۇ رايوندا ياشايدىغان نەچچە مىڭ ئادەم ھەر يىلى مەككە ۋە كەبىنى زىيارەت قىلاتتى. بۇ، مەككىنىڭ چوڭلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا پۇل-مال ۋە بايلىق دېگەنلىك بولاتتى. ئەگەر بۇ يەردە ئىسلامنىڭ تەۋھىد ئېتىقادى تارقالسا، بۇتلارنىڭ قىممىتى قالمايتتى. ئۇلار ئابروي-ئىناۋىتى ۋە بايلىقىنى يوقىتاتتى. شۇنداقلا بۇ يېڭى دىن ئىسلام باي-نامرات، كۈچلۈك-ئاجىز، ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك ئارىسىدا باراۋەرلىك ۋە ئادالەت بارلىقىنى تەرغىب قىلاتتى. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ كەتسە، ناھەقچىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان ھاكىمىيەتنىڭ داۋاملىشىشى مۇمكىن ئەمەستى. چۈنكى بۇ ئەھۋالدا كۈچلۈك كىشى ئاجىزلارنىڭ مېلىنى ئېلىۋالالمايتتى، بوزەك قىلالمايتتى. بايلار كەبىنى زىيارەت قىلغۇچىلارغا خالىغان باھادا مال ساتالمايتتى. قۇل-مالايلارنى پەقەت غىزا بېرىش ھېسابىغىلا ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرالمايتتى. شۇڭا مەككىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى زىيانلىق دەپ ئويلىدى. ئىسلامنىڭ تارقىلىشىنى توسۇش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەر خىل چارە-ئاماللارنى ئىشقا سالدى.

## سەزگۈر قەلب

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سەزگۈر، نازۇك قەلبى ھېچقانداق بىر جانلىقنىڭ ئازاب تارتىشىغا چىدىمايتتى. ھايۋانلارنى بىئارام قىلىشقىمۇ يول قويمايتتى. بىر كۈنى سەپەر جەريانىدا كىشىلەر بىر قۇش ئۇۋىسىدا ئىككى باچكا ياكى چۈجە كۆردى. بۇ سۆيۈملۈك چۈجىلەرنى سىلاپ، پەپىلەش ئۈچۈن ئۇۋىسىدىن ئالدى. دەل بۇ پەيتتە ئانا قۇش يېتىپ كەلدى. چىك-چىك سايراپ ئۇۋىسىنىڭ ئۈستىدە تىتىلداپ ئۇياقتىن بۇياققا پالاقشىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەيغەمبىرىمىز:

- بۇ بىچارە قۇشنىڭ بالىسىنى كىم ئالدى؟ ئانا قۇشنى بۇنداق قىينىماڭلار، دەرھال چۈجىنى ئۇۋىسىغا قويۇپ قويۇڭلار! - دېدى. ئاندىن:

- كىم بىرەر قۇشقاچنى ئوۋدا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، ئويۇن-تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرسە، قىيامەت كۈنى ئۇ قۇشقاچ ئاللاھقا شىكايەت قىلىپ: «ئەي رەببىم! شۇ ئادەم مېنى ناھەق ئۆلتۈردى» دەپ ئەرز قىلىدۇ. - دېدى.

(ئەبۇ داۋۇد، «ئەدەب»، 163-164، نەسائى، «داھايا»، 42)

## 2) قىيىن ـ قىستاق دەۋرى

مەككىلىك مۇشرىكلار ھەقىقەتەن ساراسىمىگە چۈشكەن ئىدى. ئۇلار قىلغان مەسخىرە بىلەن ھاقارەت مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن قايتۇرۇشقا يەتمەيۋاتاتتى. باشتا ئەبۇسۇفيان بىلەن ئەبۇجەھىل قاتارلىق كاتتىۋاشلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدى. بەلكى ئەبۇ تالىب جىيەنىگە سۆزىنى ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئىنىڭنىڭ ئوغلى ئىلاھلىرىمىزغا ھاقارەت قىلىپ، دىنىمىزنى تىللاۋاتىدۇ. بىزنى قاپاقباش، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى ئازغۇن كۆرسىتىۋاتىدۇ. يا ئۇ بۇ ئىشتىن ۋاز كەچسۇن، ياكى سەن ئۇنى قوغداشنى توختاتقىن. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىز ھېسابلىشايلى.

ئەبۇ تالىب جىيەنى بىلەن سۆزلىششكە ۋەدە بېرىپ ئۇلارنى يولغا سالدى. ئەبۇ تالىب پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

ـ ماڭا قارا ئوغلۇم، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس. سەن دىنىڭغا ئېتىقاد قىلساڭ مەيلى، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا ھاقارەت قىلما. ئۇلارنى ئازغۇن دېمە. ئۆزەڭنى ۋە مېنى ئويلاپ قويغىن. مېنى كۈچۈم يەتمەيدىغان ئىشقا مەجبۇرلىمىغىن.

ھالبۇكى، پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكۈچىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىۋاتاتتى. تاغىسىغا:

ـ ئى تاغا، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئادەملەر ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزۇپ قويسىمۇ، مەن يەنىلا بۇ دەۋەتتىن ۋاز كەچمەيمەن. ـ دەپ خوشلاشتى.

ئەبۇ تالىب جىيەنىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى كۆرۈپ، باغرى يۇمشاپ، ئۇنى قوغداشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مۇشرىكلار ئەبۇ تالىبقا قىلغان مۇراجىئەتتىن بىر نەتىجە چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئەي مۇھەممەد، سەن ئېسىل نەسەپلىك، ئابرويلۇق بىر ئادەمسەن. لېكىن ھازىرغىچە ھېچكىم قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلىپ، ئارىمىزغا تەپرىقچىلىق ئۇرۇقىنى تېرىدىڭ. ئىتتىپاقىمىزنى بۇزدۇڭ. ئۆزئارا دۈشمەن قىلدىڭ. ئەگەر بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىڭ باي بولۇش بولسا، ساڭا پۇل ـ مال بېرىپ، قەبىلىمىزدىكى ئەڭ باي ئادەم قىلايلى. رەئىس بولغۇڭ بولسا، سېنى رەئىس قىلىپ سايلايلى. توي قىلغۇڭ بولسا، مەككىنىڭ ئەڭ ئېسىل ۋە ئەڭ چىرايلىق قىزى بىلەن ئۆيلەپ قويايلى. ئەگەر ساڭا جىن چېپىلىپ قالغان بولسا، سېنى داۋالاپ ساقايتايلى. نېمە تەلەپ قىلساڭ بېرەيلى. ئەمما سەن بۇ ئىسلام دەۋاسىنى تاشلىغىن. بىزنىڭ ئارامىمىزنى بۇزمىغىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ـ سىلەر ئېيتقانىنىڭ ھېچبىرى ماڭا لازىم ئەمەس! رەببىم مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ماڭا كىتاب نازىل قىلدى. مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ بۇيرىغانلىرىنى تەبلىغ قىلىۋاتىمەن. ئىمان ئېيتساڭلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتمەن بولىسىلەر. ئىنكار قىلساڭلار ئاللاھ سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھۆكۈم قىلغۇچە ساقلايمەن. بۇتلارغا چوقۇنماي يالغۇز بىر ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار. ـ دەپ جاۋاب بەردى.

مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى يولىدىن توختىتىش ئۈچۈن قىلغان بارلىق تىرىشچانلىقلىرى كارغا كەلمىدى. ئوتتۇرىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ئابرويلۇق ئادەملەرنىڭ گېپىمۇ پەيغەمبەرگە تەسىر قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار قاتتىق ۋاستىلارنى قوللىنىشقا تۇتۇش قىلىشتى. لېكىن ئۇلارنىڭ كۈچى پەقەتلا غېرىپ ـ مىسكىن، پېقىر ـ يوقسۇل مۇسۇلمانلارغا، بولۇپمۇ قۇل ـ چۆرە، مالايلارغا يېتەتتى. ئۇلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن ۋەھشىيانە ئۇسۇلدا قىينىدى. ئەبۇ فۇھەيكە، ھەبباب، بىلال، سۇھەيب، ئەممار، ياسىر ۋە سۇمەييە قاتارلىق

پەيغەمبىرىمىز نېمە دەپ جاۋاب بەرگەندۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

..........

..........

مۇسۇلمانلار دەھشەتلىك قىيىن-قىستاقلارغا دۇچار بولدى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ئارغامچا بىلەن باغلىنىپ، قىززىق قۇم ۋە شېغىل تاشلار ئۈستىدە ئاتقا سۆرىتىلدى. چوغ كۆمۈرنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزۇلدى. بەدەنلىرى پارچىلاندى. بىر قۇل بولغان بىلالنى خوجايىنى ئۇمەييە بىن خەلەف ھەر كۈنى ئوتتەك قۇم ئۈستىدە سائەتلەرچە يالىڭاچ ياتقۇزاتتى. بۇلارنى بىلال «ئاللاھ بىر، ئاللاھ بىر» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا قىلىۋاتاتتى. لېكىن، بىلال شۇنچە ئېغىر قىيىن-قىستاققا ئۇچرىسىمۇ ئاغزىدا «ئاللاھ بىر، ئاللاھ بىر» دېيىشنى توختاتمىدى. سۇمەييە ئىبرىنى قوغدىماقچى بولغاندا شېھىت قىلىندى.

مۇشرىكلار ھەزرىتى ئەبۇبەكرى، ھەزرىتى ئوسمان قاتارلىق ئابرويلۇق كىشىلەرگە چېقىلالمايتتى. شۇنداقلا بۇ ئىككەيلەنمۇ ئۆزى قوغدىيالمىغان مۇسۇلمان قۇللارنى مۇشرىك خوجايىنلاردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئىمان ئېيتقان قۇل، چۆرىلەرنى سېتىۋېلىپ ئۇلارنى ئازاد قىلىش ئارقىلىق قىيىن-قىستاقلاردىن قۇتقازدى.

مۇشرىكلار ھەقىقەتەن قاتتىق ئەسەبىيلەشكەن ئىدى. پۇرسەت تاپسىلا پەيغەمبىرىمىزگە ھاقارەت قىلاتتى، ئۇنى قىيناش، يامانلىق قىلىش كويىدىلا يۈرەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ماڭىدىغان يولىغا تىكەن، گەندە قاتارلىقلارنى قوياتتى. ئىشىكىنىڭ ئالدىغا يەنە قان، گەندە قاتارلىقلارنى تۆكۈپ قوياتتى. ئۆيىنىڭ ئالدىغا پاسكىنا ئەخلەتلەرنى تۆكەتتى. بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز كەبىدە ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۇقبە بىن ئەبى مۇئەيت پەيغەمبىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بېرىپ دوستىنى قۇتقۇزىۋالدى. يەنە بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ كەبىنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئەبۇ جەھىلنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئۇقبە بىن ئەبى مۇئەيت يېڭى ئۆلتۈرۈلگەن تۆگىنىڭ ئىچ قارنىنى سەجدىدە تۇرغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. قىسقىسى، مۇشرىكلارنىڭ ئەسكىلىكى كۈنسىرى ھەددىدىن ئېشىپ چىدىغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلدى. مۇسۇلمانلار ئەمدى مەككىدە ياشىيالمايدىغانلىقنى تونۇپ يەتتى.

## پۈتكۈل مەخلۇقات ئۇنى تونۇيتتى

پۈتكۈل مەخلۇقات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇيتتى. ئۇنىڭغا چەكسىز مۇھەببەت بىلەن ئىتائەت قىلاتتى. چۈنكى ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «جىنلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى كاپىرلاردىن باشقا ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق جانلىقلار مېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ.» (ئەھمەد بىن ھەنبەل، «مۇسنەد»كە قاراڭ) لېكىن بىز بۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەيمىز.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقە بۇنىڭ ياخشى مىسالى: بىر تۆگە پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈپ يۈگرەپ كەلدى. ئازاب تارتقان بىر ئادەمدەك پەرياد قىلدى، كۆزىدىن ياشلار ئاقتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئۇنىڭ مېھرىۋانلىق بىلەن سىلاشلىرىدىن كېيىن تۆگە خۇددى بىر سەبى بالىدەك جىم بولدى. ئەتراپتىكى ھەممە كىشى ھەيرانلىق بىلەن بۇ مەنزىرىگە قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبىرىمىز:

- بۇ تۆگە كىمنىڭ؟ - دەپ سورىدى. بىر يىگىت:

- مېنىڭ تۆگەم، ئەي رەسۇلۇللاھ. - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبىرىمىز:

- بۇ ھايۋان سەندىن شىكايەت قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى ئاچ قويۇپسەن، ئىچ ئاغرىتماي ئېغىر يۈكلەرنى ئارتىپسەن. ئاللاھ ساڭا بىر ئامانەت قىلىپ بەرگەن ۋە سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىۋاتقان بۇ ھايۋانغا ئەزىيەت قىلىشتىن قورقمامسەن؟ - دەپ تۆگىنىڭ ھەققىنى بەردى. (ئەبۇ داۋۇد، «جىھاد»، 44)

بۇ زۇلۇم ۋە قىيىن-قىستاقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سىزنىڭ قانداق ئامالىڭىز بار؟ نېمە ئۈچۈن؟

..........................................................................................

..........................................................................................

## 6. نىجادلىق يولى: ھەبەشىستانغا ھىجرەت

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاخىرقى چارە سۈپىتىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى.

تۇنجى ھىجرەت ئۆمىكىدە 12 ئەر، 4 ئايال، جەمئىي 16 كىشى بولۇپ، ئۇلار مەككىدىن مەخپىي ھالدا ئايرىلىپ قىزىل دېڭىز قىرغىقىدا ئۇچرىشىپ، بۇ يەردە بىر كېمىنى ئىجارىگە ئېلىپ ھەبەشىستانغا (كۈنىمىزدىكى ئېفىئوپىيەگە) يۈرۈپ كەتتى. دەسلەپتە ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ئارىسىدا ھەزرىتى ئوسمان ۋە ئۇنىڭ ئايالى رۇقىيە، زۇبەير بىن ئەۋۋام، ئابدۇراھمان بىن ئەۋف ۋە ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد كەبى چوڭ ساھابىلەرمۇ بار ئىدى. ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن سۆز-چۆچەك تارقىلىشقا باشلىدى. مەككىلىكلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بوپتۇ دېگەندەك مىش-مىش گەپلەر چىقتى. بۇ يالغان گەپ ھەبەشىستانغا قەدەر تارقالدى. بۇنى ئاڭلاپ ھەبەشىستاندىكى مۇھاجىرلار يۇرتىغا قايتتى. لېكىن قايتىپ بارغاندىن كېيىن كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىشتى. چۈنكى مەككىلىك مۇشرىكلار زۇلۇم ۋە قىيىن-قىستاقنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقارغان ئىدى.

بۇ قېتىم 77 ئەر كىشى، 13 ئايال كىشى جەمئىي 90 كىشى مەجبۇرى ھالدا ھەبەشىستانغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ ئىككىنچى ھىجرەت كارۋىنىغا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئاكىسى جافەر بىن تەييار يېتەكچى بولدى.

مۇشرىكلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى يەتمىدى. چۈنكى ئۇلار بارلىق توسقۇنلۇقلارغا قارشى ئىسلامنىڭ باشقا دۆلەتلەردە تارقىلىشىدىن قورقاتتى. ھەبەشىستانغا پاناھلىق تىلەپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنى قايتۇرۇپ ئەكىلىش ئۈچۈن، ئەمىر بىن ئاس بىلەن ئابدۇللاھ ئەبى رابىئە قىممەتلىك سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ ھەبەشىستان

پادىشاھى نەجاشى ئەسھەمگە ئەلچى بولۇپ باردى.

ئەقىللىق ۋە رەھىمدىل پادىشاھ نەجاشى ئەسھەمە ۋەقەنىڭ جەريانىنى بىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بىلەن مەككىلىك ئەلچىلەرنى روبىرو ئولتۇرغۇزدى. مۇسۇلمانلارغا قاراپ:

— مەككىلىكلەر ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. سىلەرنىڭ قايتىپ كېتىشىڭلارنى تەلەپ قىلىدىكەن. بۇنىڭغا سىلەر نېمە دەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى جافەر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي ئادىل پادىشاھ، ئۇلاردىن سوراڭ، بىز ئۇلارنىڭ قۇلىمۇ؟ — دېدى.

مۇشرىك ئەلچىلەرگە ۋاكالىتەن ئەمر بىن ئاس جاۋاب بەردى:

— ياق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆر.

— ئۇلارغا قەرزىمىز بارمۇ؟

— ياق، ھېچقايسىسىدىن ئالىدىغان قەرزىمىز يوق.

— ئۇلاردىن بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرۈپتىمىزمۇ؟ قان دەۋاسى بارمىكەن؟ قىساس ئالامدىكەن؟

— ياق، قان دەۋاسى يوق.

— ئۇنداقتا بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىدىكەن؟

ئەمر بىن ئاس جاۋاب بەردى:

— بۇلار بىزنىڭ ئاتا-بوۋىمىزنىڭ دىنىدىن چىقتى. ئىلاھلىرىمىزغا ھاقارەت قىلدى. ياشلىرىمىزنىڭ ئېتىقادىنى بۇزدى. ئارىمىزغا زىددىيەت ئۇرۇقى چاچتى.

بۇنىڭغا قارىتا جافەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەي پادىشاھ، بىز نادان بىر قەۋم ئىدۇق. تاش، ياغاچتىن ئۆزىمىز ياسىغان بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتۇق. قىز باللىرىمىزنى تىرىك ھالدا كۆمۈپ ئۆلتۈرەتتۇق. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ سېسىق گۆشلىرىنىمۇ يەۋېرەتتۇق. ھاراق، قىمار، زىنا قاتارلىق ھەر خىل ئەخلاقسىز ئىشلارنى قىلاتتۇق. كىشىنىڭ ھەققىگە ھۆرمەت قىلمايتتۇق. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلاتتى. بايلار نامراتلارنى شىلىپ يەيتتى. كېيىن ئاللاھ بىزنى ھىدايەت قىلدى. ئىچىمىزدىن بىزگە ئېسىل نەسەپلىك، ئەخلاقلىق، راستچىل بىر ئادەمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ بىزنى بۇتقا چوقۇنىدىغان چاكىنىلىقتىن قۇتقۇزدى. يېگانە ئاللاھنى تونۇتتى. پەقەت ئاللاھقىلا قۇل بولۇشقا، ئىنسانغا قۇل بولماسلىققا چاقىردى. بارلىق ئەخلاقسىز قىلمىشلاردىن ئۇزاقلاشتۇردى. راستچىل بولۇشقا، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىققا، ئۇرۇق-تۇققانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، خوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى ئۆگەتتى. يالغان گەپ قىلىشنى، يېتىمنىڭ ھەققىنى يېيىشنى، ناھەقچىلىق قىلىشنى چەكلىدى. بىز ئۇ پەيغەمبەرگە ئىشەندۇق. ئۇ كۆرسەتكەن توغرا دىننى قوبۇل قىلدۇق. شۇڭا قەۋمىمىزنىڭ ھاقارەت ۋە قىيىن-قىستاقلىرىغا ئۇچرىدۇق. لېكىن دىنىمىزدىن يانمىدۇق. — دەپ قۇرئانى-كەرىمدىن ئايەت ئوقۇپ، ھەممەيلەننى تەسىرلەندۈرۈپ يىغلاتتى.

سىزنىڭچە جافەرنىڭ سۆزى قانداقراق؟ ھەبەشىستان پادىشاھى نېمە دېيىشى مۇمكىن؟

..............................................................................

..............................................................................

ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى مەريەم ھەققىدىكى ئۇشبۇ ئايەتلەرنى ئوقىدى:

«مەريەم بوۋاقنى (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى) كۆتۈرۈپ قەۋمىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇلار ئېيتتى: «ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش قىلدىڭ. ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان خوتۇن ئەمەس ئىدى». مەريەم بوۋاقنى كۆرسەتتى، ئۇلار: «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق سۆزلەيمىز» دېدى. بوۋاق ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتابنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ). قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقى قىلمىدى. مەن تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ قەبرەمدىن تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە (ئاللاھتائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىمەن». ئەنە شۇ ئىسا ئىبنى مەريەمنىڭ (قىسسىسىدۇر). ئىسا ئۇلار دەتالاش قىلىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئىشىنىڭ (ھەقىقىتى) ئۈستىدە ھەق گەپنى قىلدى. «ئاللاھنىڭ شەنىگە بالىسى بولۇش لايىق ئەمەس، ئاللاھ (بالىدىن، شېرىكتىن) پاكتۇر، ئاللاھ بىرەر ئىش قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا ۋۇجۇتقا كەل دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.» (مەريەم سۈرىسى 27 ـ 34 ـ ئايەتلەر)

بۇ ئايەتلەرنى ئاڭلىغان ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ئەسھەمە:

ـ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ سۆزلەر ئىسا مەسىھكە كەلگەن سۆزلەر بىلەن ئوخشاش مەنبەدىن، بىر مەنبەدىن كەلگەن. ـ دەپ مەككىلىك ئەلچىلەرنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلدى. ئەتىسى كۈنى ئامىر بىن ئاس نەجاشىنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ:

ـ مۇسۇلمانلار ئىسا مەسىھ ھەققىدە سەت گەپلەرنى قىلىشىدۇ. ـ دەپ ئىغۋاگەرلىك قىلدى. چۈنكى ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ئەسھەمە خرىستىئان مۇخلىسى ئىدى.

بۇ ئىغۋاغا قارشى جافەر:

ـ ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئاللاھتائالا قۇرئانى ـ كەرىمدە نېمە دېگەن بولسا، بىزنىڭ دەيدىغىنىمىزمۇ شۇ! ـ دەپ «نىسا» سۈرىسىدىكى ئۇشبۇ ئايەتنى ئوقىدى: «مەسىھ ئىسا، مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)، مەريەمگە ئاللاھنىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىز، ئاللاھنىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر.» (نىسا سۈرىسى 171 ـ ئايەت)

بۇنى ئاڭلىغان نەجاشى يەردىن بىر ئىنچىكە تاياقنى ئېلىپ كۆرسىتىپ:

ـ ئىسا مەسىھنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن سىلەرنىڭ دېگەنلىرىڭلار ئارىسىدا مۇشۇ تاياقچىلىكمۇ پەرق يوق. سىلەرنى ۋە پەيغەمبىرىڭلارنى تەبرىكلەيمەن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بۇ زات ھەق پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ئىسا مەسىھ خوش بىشارەت بەرگەن، ـ دېگەندىن كېيىن مەككىلىك ئەلچىلەرگە:

ـ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى ئالمايمەن. ـ دەپ، ئۇلارنىڭ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ھەبەشىستاندا خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشىدى. بۇلاردىن بەزىلەر مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا مەدىنىگە باردى. يەنە بەزىلەر «ھۇدەيبىيە كېلىشىمى» ئىمزالانغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەبەشىستاندا قالدى. جافەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى ئاخىرقى 16 كىشىلىك مۇھاجىرلار خەيبەر پەتھى قىلىنغان كۈنى مەدىنىگە قايتتى.

# 7. ھەزرىتى ھەمزە بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمان بولدى

ھەزرىتى ھەمزە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر تاغىسىدۇر. شۇنداقلا ئوخشاش ۋاقىتتا بوۋاق چېغىدا سۇۋەيبە خاتۇندىن بىللە سۈت ئەمگەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز بىلەن ھەمزە ئېمىلداش قېرىنداش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز بىر كۈنى سەفا ئېگىزلىكىدە ئولتۇرغاندا ئەبۇجەھىل كېلىپ تىللاپ ھاقارەت قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىدى. ھەزرىتى ھەمزە ئۇ كۈنى ئوۋغا چىققان ئىدى. قايتىپ كېلىۋاتقاندا بىر چۆرە ئۇچراپ، ئەبۇجەھىلنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە قىلغان ھاقارەتلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ھەزرىتى ھەمزىگە خەۋەر قىلدى. ھەمزە ئۇ چاغدا تېخى مۇسۇلمان ئەمەستى. لېكىن جىيەنىنى (پەيغەمبىرىمىزنى) ھەممە كىشىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلىنىشىغا چىداپ تۇرالمىدى. ئوۋ قۇرالىنى تۇتقان پېتى مەككىلىكلەرنىڭ يىغىلىدىغان يېرىگە باردى: «قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىغا ھاقارەت قىلغان سەنمۇ؟» دېگىنىچە ئەبۇجەھىلنىڭ بېشىغا ئوقيا بىلەن ئۇرۇپ ئۇنى يارىلاندۇردى. ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىن قورققان ئەبۇجەھىل لام-جىم دېيەلمىدى. ئەبۇجەھىلدىن پەيغەمبىرىمىزگە قىلغان ھاقارەتلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغان ھەمزە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرمەكچى بولدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئۆزىگە ھەققەتەن تەسەللىي بولۇپ خوش قىلىدىغان ئىشنىڭ تاغىسىنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان ھەمزە كەلىمە-شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ھەزرىتى ھەمزە ئىنتايىن باتۇر، كۈچلۈك ۋە جەسۇر كىشى ئىدى.

ھەزرىتى ھەمزىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى مۇسۇلمانلارنى شاتلاندۇردى. لېكىن مۇشرىكلارنى ساراسىمىگە سالدى. مەككىنىڭ كاتتىۋاشلىرى يىغىلدى. ئەبۇجەھىل:

- مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا چىقىش يولى يوق. ئۇنى ئۆلتۈرگۈچىگە تۆگە ۋە ئالتۇن بېرەيلى. - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئورنىدىن دەس تۇردى:

- بۇ ئىشنى پەقەت ئۆمەرنىڭ ئوغلى خەتتاپ قىلالايدۇ!

ئۆمەر ئالقىشلار ئىچىدە يولغا چىقتى. قۇرالىنى تۇتقىنىچە يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى نۇئايىم ئۇچرىدى. نۇئايىم ئۇنىڭدىن:

- بۇنچىۋالا ئالدىراش قەيەرگە كېتىۋاتىسەن ئۆمەر؟ - دەپ سورىدى. ئۆمەر:

- ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت سالغان مۇھەممەدنى يوقىتىشقا. - دەپ جاۋاب بەردى.

- ئەي ئۆمەر، سەن بەك تەس ئىشقا مېڭىپسەن، مۇسۇلمانلار مۇھەممەدنىڭ ئەتراپىدا خۇددى پەرۋانىدەك يۈرىدۇ. سېنى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرمايدۇ. ئەگەر سەن ئۇنى ئۆلتۈرەلىگەن تەقدىردىمۇ، بەنى ھاشىم جەمەتىدىكىلەر سېنى ساق قويمايدۇ. - دېدى. ئۆمەرنىڭ بۇ گەپكە ئاچچىقى كەلدى:

- سەنمۇ ئۇنىڭ تەرەپدارى بولدۇڭمۇ ئەمدى؟

- دېدى. نۇئايىم:

- سەن بۇ گەپنى مەندىن سورىغۇچە بېرىپ يېزنەڭ سەئىد بىلەن سىڭلىڭ پاتىمەدىن سور، ئۇلار مۇسۇلمان بولدى. - دېدى.

ئۆمەر بۇ گەپكە ئىشەنمىدى. لېكىن كۆڭلىدىكى گۇمانىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن يولىنى ئۆزگەرتىپ يېزنىسى سەئىد بىن زەيدنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ چاغدا ئۆيىنىڭ ئىچىدە قۇرئانى-كەرىم ئوقۇلۇۋاتاتتى. ئۆمەر ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ ئۆيدىكى ئاۋازغا قۇلاق سالدى. ئىشىكنى ئۆرۈۋەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق ئۇردى. ئۆيدىكىلەر ئۆمەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۆمەرنىڭ ئىسلامغا دۈشمەنلىكىنى بىلەتتى. دەرھال قۇرئان ئايەتلىرى يېزىلغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ يوشۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئاچتى. ئۆمەر:

- نېمە ئوقۇۋاتىسىلەر؟ - دەپ ۋارقىرىدى. يېزنىسى:

- ھېچنېمە. - دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر:

- ئاڭلىغىنىم راستكەن. - دېگىنىچە غەزەپ بىلەن يېزنىسىنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى. ئۇلارنى ئاجرىتىۋەتمەكچى بولۇپ ئارىغا كىرگەن سىڭلىسىنىڭمۇ يۈزىگە بىر شاپىلاق سېلىۋىدى، ئۇنىڭ يۈزىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى. تاياق يېگەن

سىڭلىسى پاتىمە:

— ئەي ئۆمەر، ئاللاھتىن قورققىن. ئىبرىم بىلەن ئىككىمىز مۇسۇلمان بولدۇق. بۇنىڭدىن ئېچىخارلىنىمىز، سەندىن قورقمايمىز. بىزنى ئۆلتۈرىۋەتسەڭمۇ دىنىمىزدىن يانمايمىز. — دەپ كەلىمە شاھادەتنى ئوقىدى. يۈزىدىن قان ئېقىپ تۇرغان سىڭلىسىنىڭ بۇ ھالىتى ۋە سۆزى ئۆمەرنى ھەيران قالدۇردى. قەلبى يۇمشاشقا باشلىدى. قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تۇرغان يېرىدە ئولتۇردى:

ئۆمەر ئۇ پەيتتە نېمىلەرنى ھېس قىلغاندۇ؟

..............................................................................................

..............................................................................................

— باياتتىن ئوقىغىنىڭلارنى چىقىرىڭلار، كۆرۈپ باقاي. — دېدى.

سىڭلىسى ئۇنىڭغا قۇرئان ئايىتىنى بەردى. بۇ ئايەتلەر «تاھا» سۈرىسى ياكى «ھەدىد» سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرى ئىدى. ئۆمەر كۈچلۈك قىزىقىش ئىلكىدە ئايەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى: «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ئۆلتۈرەلەيدۇ، تىرىلدۈرەلەيدۇ، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھنىڭ ئېپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، ئاللاھ ئاشكاردۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكاردۇر)، مەخپىيدۇر (يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.» (ھەدىد سۈرىسى، 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر) ئۆمەر بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولدى.

ئاللاھنىڭ سۆزلىرىدىكى يۈكسەك مەنا ۋە گۈزەللىك ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈردى. «ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارچە مەۋجۇدات ھەممىسى ئاللاھنىڭ. بىزنىڭ بۇتلىرىمىزنىڭ ھېچنېمىسى يوقكەن» دەپ ئويلىدى. «مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭلار» دېدى. ئۇ پەيتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرقامنىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۆمەرنىڭ قۇراللىق كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار ئەندىشە قىلىشتى. پەقەتلا ھەزرىتى ھەمزە: «ياخشى نىيەت بىلەن كەلسە تېخى ياخشى، ئەگەر يامان نىيەت بىلەن كېلىۋاتقان بولسا، كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن. سىلەر ئەنسىرىمەڭلار» دېدى. ئۆمەرنى ئوڭ، سول تەرىپىدىن ئىككى كىشى تۇتۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كەلىمە شاھادەت ئېيتتى. ئۇ يەردە تۇرغانلار ھەممىسى ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپ «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دېيىشتى. ئۆمەر:

— بىز قانچە كىشى؟ — دەپ سورىدى. مۆمىنلەر:

— سېنى قوشقاندا 40 كىشى بولدۇق. — دېدى. ئۆمەر:

— ئۇنداقتا نېمىگە قاراپ تۇرىمىز؟ يۈرۈڭلار، ھەرەمگە بارايلى! — دېدى.

ئۆمەرنىڭ بۇ جاسارەتلىك ھالىتى مۇسۇلمانلارغا قانداق تەسىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن؟

..............................................................................................

..............................................................................................

بارلىق مۇسۇلمانلار جامائەت بولۇپ، كەبىگە قاراپ مېڭىشتى. مەككىلىكلەر بولسا ئۆمەرنىڭ خەۋىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ توپ بولۇپ ھەرەمگە قاراپ مېڭىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

– قاراڭلار! ئۆمەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ. – دېيىشتى. ئۆمەر مەككىلىكلەرنى كۆرۈپ:

– خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، مەنكى خەتتابنىڭ ئوغلى ئۆمەر مۇسۇلمان بولدۇم! دەپ كەلىمە شاھادەت ئېيتتى. مەككىلىكلەر ھەيرانۇ-ھەس بولدى. تاماشىنا كۆرۈۋاتقانلار تارقىلىپ كېتىشتى. مۇسۇلمانلار تۇنجى قېتىم ھەرەمدە، كەبىدە سەپ بولۇپ جامائەت بىرلىكتە ناماز ئوقىدى. ھەمزە بىلەن ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئىسلامنىڭ تارقىلىشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. ئىلگىرى ئالتە يىلدا ئاران 40 كىشى ئىمان ئېيتقان بولسا، ئەمدى بىر يىل ئۆتمەيلا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 300دىن ئاشتى.

## ئىككى تاغا

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىيەنىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ھېچكىمنىڭ ئۇنى رەنجىتىشىگە ۋە زىيان سېلىشىغا رازى ئەمەستى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ياشلىق مەزگىلىدە كەبىنى رېمونت قىلىۋاتقاندا بىرلىكتە تاش توشىغانتى. پەيغەمبىرىمىز تاشلارنى يالىڭاچ يەلكىسىگە قويۇپ كۆتۈرگەندە ھەزرىتى ئابباس بۇنىڭغا چىدىماي:

– كىيىمىڭنى مۈرەڭگە قويۇپ، تاشنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويغىن. مۈرەڭ ئاغرىمىسۇن. – دېدى.

لېكىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يەنە بىر تاغىسى ئەبۇ لەھەب پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا جىيەنىنى قىيناش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنلىكى بارلىق ئامالنى ئىشلىتىپ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلار كۆپ يىغىلغان سورۇندا:

– ئى ئىنسانلار، «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» (بىر ئىلاھتىن باشقا ئىلاھ يوق) دەپ قۇتۇلۇڭلار! – دەپ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلسا، تاغىسى ئەبۇ لەھەب ئارقىسىدىن كېلىپ:

– ئەي ئىنسانلار، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەڭلار، ئۇ يالغانچى! – دەپ ۋاقىرايتتى.

قولىدا تىرىپ كەلگەن تاشلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن جىيەنىنىڭ ئارقىسىدىن ئاتاتتى. ئۇ ئاتقان تاشلار سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك پاچاقلىرىغا تېگىپ ئۇ يەردىن قان چىقارماقتا ئىدى. (ئىبنى كەسىر، «ئەل-بىدايە»، 2-جىلد، 292)

# 8. ئىنساپسىز مۇشرىكلار ئېمبارگو قىلىشنى قارارلاشتۇردى

مەككە مۇشرىكلىرى ئىسلام نۇرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنلىكى جىمى ئامالنى ئىشلەتتى. مەسخىرە، ھاقارەت، قىيىن-قىستاقنىڭ ھەر تۈرلۈكىنى سىناپ باقتى. ئەمما بۇلار كۈنسىرى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى ئازايتىشنىڭ ئورنىغا، ئەكسىچە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپىيىۋاتاتتى.

پەيغەمبەرلىكنىڭ 7-يىلى ئىسلام دۈشمىنى مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى چارىسىز قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ھازىرغىچە قىلغان تەدبىرلىرى ھېچقايسىسى كارغا كەلمىگەنتى. ئەبۇجەھىلنىڭ باشچىلىقىدىكى 40 كىشى قايتا بىر يەرگە يىغىلدى. بۇ قېتىم قاتتىق بىر چارە بىلەن مۇسۇلمانلارنى يوقىتىشنىڭ كويىدا ئىدى. زالىم مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى جاندىن تويغۇزۇپ، ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلايدىغان بىر ئېمبارگو (بايقۇت) يۈرگۈزۈشنى قارارلاشتۇردى. بۇنىڭغا ئاساسەن:

1. مۇسۇلمانلار بىلەن ھېچقانداق سودا-سېتىق قىلماسلىققا،

2. مۇسۇلمانلارغا قىزىنى بەرمەسلىك، ئالماسلىق، تويلاشماسلىققا،

3. دوستلۇق ياكى ئۇرۇق-تۇققانلىق مۇناسىۋىتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچقانداق مۇسۇلمان بىلەن كۆرۈشمەسلىككە،

4. مۇسۇلمانلار بىلەن ھېچقانداق ئىشتا ھەمكارلاشماسلىققا، ھەر قانداق ئىجتىمائىي ۋە ئىنسانىي مۇناسىۋەتنى ئۈزىدىغانلىقىغا دائىر ئەھدىنامە ئىمزالىدى.

كېيىن بۇ قارارنامىنى يېزىپ، ئاستىغا مۆھۈر بېسىپ بىر رەختكە يۆگەپ كەبىنىڭ ئىچىگە ئاستى. مۇسۇلمانلارغا قىلچىلىك چىقىش

يولى قالدۇرۇلمىغان بۇ ئېمبارگو ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر تاغىسى ئەبۇ لەھەب مۇشرىكلارنىڭ سېپىغا قوشۇلدى. يەنە بىر تاغىسى ئەبۇ تالىب گەرچە مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ تەرىپىدە تۇردى.

## 1) ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەر

مۇسۇلمانلار ئېمبارگو بىلەن جازالانغان بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ئېغىر جاپا-مۇشەققەتكە ئۇچرىدى. ئاشلىق سېتىۋالالمىغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە ئاچلىقتىن غازاڭ يېدى. بەزى كىچىك باللار ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن ئۆلۈپ كەتتى. زالىم ئەبۇ جەھىل مۇسۇلمان مەھەللىسىگە كىرىپ چىققانلارنى كېچە-كۈندۈز كۆزىتىپ يۈرەتتى. مەھەللىگە ئوغۇرلۇقچە يېمەك-ئىچمەك ئاپىرىپ بېرىلىشكە رۇخسەت قىلمايتتى. ھەمزە ۋە ئۆمەر كەبى باتۇر ئادەملەردىن باشقا ھېچكىم بازارغا بېرىپ بىرەر نەرسە سېتىۋالالمايتتى. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بىر قېتىم تېپىۋالغان تېرە پارچىسىنى سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ، ئوتقا قاقلاپ يېدى.

سىزنىڭچە، ئېمبارگو ۋاقتىدا مۇسۇلمانلار باشقا قانداق قىيىنچىلىقلارغا يولۇققاندۇ؟

...........................................................................................

...........................................................................................

ئاياللار بىلەن باللارنىڭ ئاچلىقتىن يىغلىغان پەريادىنى مەھەللە سىرتىدا تۇرۇپمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى. بۇ قىيىن كۈنلەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خەدىچە ئانىمىز بارلىق مال-مۈلكىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خەجلىدى.

مۇسۇلمانلار بىر يىل يەتكۈدەك ئاشلىقنى پەقەت ئۇرۇش قىلىش ۋە قان تۆكۈش ھارام قىلىنغان زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەپ ئېيىدا ئېلىپ ساقلاپ قويۇشقا تىرىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئىسلام دىنىنى باشقا ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىش ئىشىنى مەككىگە بۇ ئايدا سىرتتىن كەلگەنلەرگە قارىتا قىلالايتتى. مۇسۇلمانلار بۇ ئۈچ يىل داۋاملاشقان ئېمبارگو داۋامىدا تەسۋىرلىگۈسىز قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. لېكىن ھېچبىر مۇسۇلمان بۇ تۈپەيلى دىنىدىن قايتمىدى ياكى رەسۇلۇللاھنى مۇشرىكلارغا تاپشۇرۇپ بەرمىدى.

## 2) ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە ئېمبارگونىڭ ئاخىرلىشىشى

مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىتى بەزى ئىنساپلىق مۇشرىكلارنىمۇ بىئارام قىلغۇدەك دەرىجىگە يەتتى. ھىشام بىن ئامىر، زۇھەير بىن ئەبى ئۇمەييە، مۇتئىم بىن ئادىي قاتارلىق بەزى ۋىجدانلىق ئادەملەر ئېمبارگو قارارىنى بوزۇش ئۈچۈن كېلىشتى. كەبىگە باردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇھەير ئۇ يەردىكى ئادەملەرگە:

- ئەي مەككە ئاھالىسى، شۇ قىلغان ئىشلار ئىنسان قىلىدىغان ئىش ئەمەس. بىز ھەممە نەرسىمىز تەل، راھەت ياشاۋاتقاندا بىزنىڭ قەبىلىمىزنىڭ ئىچىدىكى بەنى ھاشىم جەمەتىنىڭ ئاچ قېلىشى بەك ئىنساپسىزلىق بولدى. ئېمبارگو قارارى ئۆزگەرمىسە بولمايدۇ. قەسەم قىلىمەنكى، بۇ زالىم ئېمبارگو قارارنامىسىنى يىرتىۋەتمىگۈچە بۇ يەردىن كەتمەيمەن!

- دەپ ۋاقىرىدى. ئەبۇ جەھىل زۇھەيرنىڭ ئاغزىنى تۇتىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما باشقىلار زۇھەيرنى قوللىغان بولغاچقا، ئۇنى توسالمىدى.

ئەسلىدە كەبىگە ئېسىلغان بۇ قارارنامىنى ئاللىقاچان قۇرت يەپ كەتكەنلىكىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەۋەر قىلغان ئىدى. بۇ خەۋەر پۈتكۈل مەككىگە تارقالغانتى. مۇشرىكلار بۇ قارارنامىنى يىرتىۋېتىش ئۈچۈن قولىغا ئالغىنىدا ئۇنى راستىلا قۇرت يەپ، تىتما-تالاڭ قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆردى. مۇسۇلمانلار شۇنىڭ بىلەن بۇ قورقۇنچلۇق ئېمبارگودىن قۇتۇلدى.

ئۈچ يىل داۋاملاشقان ئېمبارگو جەريانىدا تارتقان قىيىنچىلىق ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ

بۇ ئېمبارگونىڭ ۋاستىلىق ھالدا مۇسۇلمانلارغا بىرەر پايدىسى بولغانمىدۇ؟ بولسا قانداق پايدىسى بولغاندۇ؟

................................................................................................

................................................................................................

ئىمانىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە ۋە ئۆزئارا ئىتتىپاقىنىڭ كۈچلىنىشىگە سەۋەبچى بولدى. كاپىرلار ئىلگىرىكىدەكلا ئاچچىق ئەلەمدىن باشقا بىر نەرسىگە ئېرىشەلمىدى.

# سوئاللار

## قانچىلىك ئۆگەندىم؟

1. ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەرنىڭ دىنى ئېتىقادى قانداق ئىدى؟

.......................................................................................................

.......................................................................................................

.......................................................................................................

2. رەسۇلۇللاھنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن 52 كۈن ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن پىل ۋەقەسىدىن قانداق ئىبرەت ۋە ھېكمەتلەرنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ؟

.......................................................................................................

.......................................................................................................

.......................................................................................................

3. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا قىلىنغان ئۇرۇشلارنىڭ سەۋەبى نېمە؟

.......................................................................................................

.......................................................................................................

.......................................................................................................

4. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توغۇلغان ۋاقتىنى مىلادىيە ۋە ھىجرىيە كالېندارى بويىچە بايان قىلىڭ.

.......................................................................................................

.......................................................................................................

.......................................................................................................

5. مەككىلىكلەر پەيغەمبىرىمىزگە قانداق لەقەم قويغان؟ بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟

.......................................................................................................

.......................................................................................................

.......................................................................................................

6. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن «ماڭا كىم ئىشىنەر؟» دەپ غەم قىلغاندا خەدىچە ئانىمىز ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللىي بەردى؟

.......................................................................................................

.......................................................................................................

.......................................................................................................

.......................................................................................................

7. كەبىدە دەۋا ئايرىش ۋەقەسىدىن قانداق ئەجايىپ خۇلاسىلەرنى چىقارغىلى بولىدۇ؟

.......................................................................................................

.......................................................................................................

.......................................................................................................

.......................................................................................................

8. پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا كىشىلەرنى ئىسلامغا مەخپىي دەۋەت قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

9. جىبرائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبىرىمىزگە تۇنجى ۋەھيىنى ئېلىپ كەلگەن يەرنىڭ ئىسمى نېمە؟ ۋەھيى قاچان نازىل بولغان؟

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

10. ھەزرىتى ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولغان ۋەقە قانداق تەرەققىي قىلدى؟

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

11. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

12. مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىزنى ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشتىن توسۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلدى؟

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

13. قەلبى گۈزەل، يۈزى گۈزەل پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرۈنۈشى قانداق ئىدى؟

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

14. ئەگەر مۇشرىكلارنىڭ ئېمبارگوسىغا مۇسۇلمانلار كۈچىنىڭ يېتىشىچە قارشى تۇرمىغان بولسا، ئاقىۋەت قانداق بولاتتى؟

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

15. مۇسۇلمانلارنىڭ ئېمبارگودىن قۇتۇلىشىغا قايسى ۋەقە سەۋەب بولدى؟

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

..............................................................................................................................................................

## توغرا جاۋابنى تاللاڭ

1. تۆۋەندىكى دىن مۇخلىسلىرىدىن قايسىسى ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەبىستاندا يوقتى؟

A) بۇتپەرەستلەر B) يەھۇدىلار

C) خرىستىئانلار D) ھىندى دىنى مۇخلىسلىرى

2. پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ تۆۋەندىكى مەككىلىك قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى قايسى جەمەتكە مەنسۇپ ئىدى؟

A) بەنى بۇۋەيە B) بەنى شەرەف

C) بەنى ھاشىم D) بەنى زۆھرە

3. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېمىلداش قېرىندىشى تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى؟

A) سۇمەييە B) شەيما

C) ئائىشە D) پاتىمە

4. پەيغەمبىرىمىزنىڭ باللىرىدىن كىم دادىسىدىن كېيىن ۋاپات بولغان؟

A) پاتىمە B) رۇقىيە

C) قاسىم D) ئۇممۇ گۈلسۇم

5. تۆۋەندىكى ئىسىملاردىن قايسىسى مەككە دەۋرىدە رەھىمسىز قىين-قىستاققا ئۇچرىغانلاردىن بىرى ئەمەس؟

A) ھەبباب B) بىلال

C) ياسىر ۋە ئائىلىسىدىكىلەر D) ئەبۇ ھۇرەيرە

6. خەدىچە ئانىمىزدىن كېيىن ئىسلامغا كىرگەن ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولغان ساھابىنىڭ ئىسمى نېمە؟

A) ھەزرىتى ئۆمەر B) ھەزرىتى ئەبۇبەكرى

C) ھەزرىتى ئوسمان D) ھەزرىتى ئەلى

7. ئىسلامغا مەخپى دەۋەت قىلىش قانچە يىل داۋاملاشتى؟

A) 2 B) 4

C) 3 D) 5

8. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېمىلداش قېرىندىشى بولغان تاغىسى كىم؟

A) ھەزرىتى ھەمزە B) ئەبۇ تالىب

C) زۇبەير D) ئەبۇ لەھەب

9. «ئوقۇ!» دېگەن بۇيرۇق بىلەن باشلانغان تۇنجى ۋەھيى قۇرئاننىڭ قايسى سۈرىسىدە كەلگەن؟

A) پاتىھە سۈرىسى B) ئەلەق سۈرىسى

C) ياسىن سۈرىسى D) مۈلك سۈرىسى

10. ھارام ئاي دەپ تىلغا ئېلىنغان ئايلار ئىچىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى يوق؟

A) زۇلقەئدە B) زۇلھەججە

C) مۇھەررەم D) رامىزان

11. ئىسلام تارىخىدا تۇنجى ھىجرەت قىلىنغان جاينىڭ ئىسمى نېمە؟

A) تائىف B) مەدىنە

C) ھەبەشىستان D) سۈرىيە

12. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىمبارگو يۈرگۈزۈشنى قارار قىلغاندا بەزى ماددىلارنى تۈزدى. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ئۇ ماددىلار ئىچىدە ئەمەس؟

A) مۇسۇلمانلار بىلەن ھېچقانداق سودا ـ سېتىق قىلىشقا بولمايدۇ.

B) ئۇلارغا قىز بېرىشكە، ئۇلار بىلەن توي‌ىلىشىشقا بولمايدۇ.

C) ھەر قەبىلىدىن بىرەر كىشىنى تاللاپ بىرلىكتە بېرىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆزدىن يوقىتىش

D) دوستلۇق ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ھېچقانداق مۇسۇلمان بىلەن كۆرۈشمەسلىك، ئالاقىلاشماسلىق

13. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى مەككىنىڭ مۇھىم بىر شەھەر بولۇشىدا تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسىنىڭ تەسىرى يوق؟

A) تىجارەت، سودا ـ سېتىق مەركىزى بولغانلىقى

B) بۇتپەرەستلىكنىڭ مەركىزى بولغانلىقى

C) ھەر كۈنى ئەتراپتىن نۇرغۇن زىيارەتچىلەرنىڭ كېلىشى

D) پەيغەمبىرىمىزگە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ بۇ يەردە بېرىلگەنلىكى

14. مەككىلىكلەرنىڭ يېڭى تۇغۇلغان باللىرىنى سەھرادىكى ئائىلىلەرگە پۇل بېرىپ ئېنىكئانا تېپىپ ئەمگۈزىشىنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ئەمەس؟

A) تېخىمۇ ساغلام چوڭ بولۇشى ئۈچۈن

B) شالغۇتلاشمىغان ساپ ئەرەب تىلىنى پاساھەتلىك سۆزلەشنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن

C) باللىرىنى بېقىش تەس كەلگەنلىكى ئۈچۈن

D) مەككىنىڭ ھاۋاسى بوۋاق باللارغا مۇۋاپىق كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن

15. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان ۋە ھۆرمەتلەيدىغان ئېسىل ئادەم بولۇشىدىكى سەۋەب تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى؟

A) پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى بولغانلىقى

B) ناھايىتى باي بولغانلىقى

C) ئەقىللىق، مەرت ۋە ئېسىل ئادەم ئىكەنلىكى

D) مەككىنىڭ ۋالىيسى بولغانلىقى

16. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «كەبىدە دەۋا ئايرىغان» ئىشىنىڭ بىر نەتىجىسى ئەمەس؟

A) تالاش ـ تارتىش قان تۆكۈلمەستىن ھەل بولدى.

B) قەبىلە باشلىقلىرىمۇ ئامال قىلالمىغان بۇ قىيىن مەسىلە ھەممە كىشىنى رازى قىلغۇدەك دەرىجىدە ھەل قىلىندى.

C) مەككە خەلقى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەندى.

D) پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىلىكلەر نەزىرىدىكى ئېتىبارى ۋە ئىناۋىتى تېخىمۇ ئاشتى.

17. خەدىچە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا «ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ سېنى ھەرگىز يامان ئاقىۋەتكە قويمايدۇ. چۈنكى سەن ئورۇق-تۇغقانلىرىڭغا كۆيۈنىسەن، ئىشنى قىلالمىغان ئاجىزلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىسەن. پېقىر-يوقسۇللارغا ياردەم قىلىسەن، يېتىمنىڭ ھەققىنى قوغدايسەن، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىسەن» دەپ تەسەللىي بەرگەن. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى يۇقىرىقى ئابزاستا دېيىلگەن سۆز ئەمەس؟

A) خەدىچىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىككە ئىشەنگەنلىكى

B) ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەر ۋاقىت ياردەم قىلىدىغانلىقى

C) رەسۇلۇللاھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا باينى ئېزىز، پېقىرنى خار كۆرمەيدىغانلىقى

D) رەسۇلۇللاھنىڭ ئىگە-چاقىسىز يېتىم بالىلارنى ياخشى كۆرگەنلىكى

18. مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا زالىم مۇئامىلە قىلىشىنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى؟

A) ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلانغانلىقى

B) مۇشرىكلارنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمىغانلىقى

C) مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلارغا ئېمبارگو يۈرگۈزۈشى

D) مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنى مۇشرىكلاردىن ئۈستۈن كۆرۈشى

19. مەككە مۇشرىكلىرى ئىسلام نۇرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنلىكى بارلىق چارە-ئامالنى ئىشلەتتى. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى مۇشرىكلار قىلغان ئىشلار ئارىسىدا يوق؟

A) مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلدى، ھاقارەتلىدى ۋە قىيىن قىستاق بىلەن قىينىدى.

B) رەسۇلۇللاھنى دەۋەتتىن توختىتىش ئۈچۈن تىرىشتى.

C) مەككىدە مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئېمبارگو يۈرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

D) ھەزرىتى ئۆمەرگە سۇيىقەست قىلدى.

20. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ئىسلام تارىخىدا ھىرا غارىنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلىگەن جۈملە ئەمەس؟

A) ئاللاھتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەييارلىغان بىر يەر

B) رەسۇلۇللاھ كۆڭلەرچە يالغۇز قېلىپ تەپەككۇر قىلغان بىر يەر

C) پەيغەمبىرىمىزگە تۇنجى ۋەھيى مۇشۇ يەردە نازىل بولغان مۇبارەك ماكان

D) رەسۇلۇللاھ پادىچىلىق قىلغان مەزگىلدە پات-پات كىرىپ تۇرىدىغان غار

## تېپىشماق



### ئوڭدىن سولغا

1. خەدىچىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرىكى لەقىمى
2. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىنىكئانىسى
5. ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلغان ھەبەشىستان پادىشاھى
8. پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسى
9. ئىسلامدىن ئىلگىرى بۇتپەرەستلىكنىڭ مۇھىم مەركىزى
10. تۇنجى ۋەھيى كەلگەن يەردىكى تاغنىڭ ئىسمى
11. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىنىڭ قەبىلىسىنىڭ ئىسمى
13. ھىجاز رايونىدىكى مۇھىم شەھەر
16. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇشرىكلار سىپىدە تۇرغان تاغىسى
20. پەيغەمبىرىمىزگە دۈشمەنلىك قىلغان تاغىسى
21. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئانىسى
22. تۇنجى ۋەھيى كەلگەن غار
23. زېمىندا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇنجى سېلىنغان بىنا
24. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ۋاپات بولغان يېزىنىڭ ئىسمى

### يۇقىرىدىن تۆۋەنگە

1. ئەبۇ لەھەب ھەققىدە نازىل بولغان سۈرە
2. پەزىلەتلىكلەر جەمئىيىتى: پەيغەمبىرىمىزمۇ قاتناشقان، ناھەقچىلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان جەمئىيەت
3. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى قاراڭغۇ دەۋر
4. مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى تەلىم-تەربىيە مەركىزى
6. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بىر ئىسمى
7. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن كېيىن ۋاپات بولغان پەرزەنتى
12. جىبرائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتقان تۇنجى سۆز
14. ئېرىنى قوغداش ئۈچۈن شېھىت بولغان ئايال
15. پەيغەمبىرىمىزگە ۋەھيى ئېلىپ كەلگەن پەرىشتە
17. بۇسرا شەھرىدىكى خرىستىئان راھىب
18. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بېقىۋالغان بالىسى
19. قىرىقىنچى مۇسۇلمان

# ئىككىنچى باب

- ئازابلىق يىللار
- رەسۇلۇللاھ ئىنسانلارنى ئىسلامغا چاقىرماقتا
- ئاخىرقى چارە: ھىجرەت، مەككىدىن ھەسرەتلىك ئايرىلىش
- يېڭى ۋەتەن مەدىنىدىكى تۇرمۇش
- بەدر ئۇرۇشى

# 1. ئازابلىق يىللار

## 1) ئەبۇ تالىب بىلەن خەدىچىنىڭ ۋاپاتى

مۇسۇلمانلار ئېمبارگودىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن بەكلا خۇشال بولۇشتى. لېكىن بۇ خۇشاللىقى ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. ئېمبارگو ئاياقلىشىپ سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى مۇسىبەت مەيدانغا كەلدى. پەيغەمبىرىمىزگە كىچىك چېغىدىن باشلاپ قول قانات بولغان تاغىسى ئەبۇ تالىب ۋاپات بولدى. بۇ ۋەقەدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى خەدىچە ۋاپات بولدى.

ئەبۇ تالىب مۇسۇلمان بولمىغانتى. بىراق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىن تەرەپدار ئىدى، پەيغەمبىرىمىزنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن قېيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. مۇشرىكلارنىڭ سالغان ئاۋارىچىلىقىغا قارشى پەيغەمبىرىمىزنى قوغدىغانتى. ھەتتا ئۆلۈش ئالدىدىمۇ يېقىنلىرىغا: «ئۇنىڭغا (پەيغەمبەرگە) ئىتائەت قىلىڭلار، سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغانتى. ھەزرىتى خەدىچە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىن سىردىشى، مېھرى-شەپقەتلىك ھەمراھى، پىداكار جۈپتى ئىدى. ئەڭ مۈشكۈل چاغلاردا پەيغەمبىرىمىزگە تەسەللىي بەرگەن، بارلىق مال-مۈلكى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم قىلغانتى. پۇل-مېلىنى پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خەجلىگەنتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە ئەڭ كۆپ ياردەم بەرگەن ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئىككى يېقىنى ئارقا-ئارقىدىن ئۇ دۇنياغا كېتىشى بىلەن كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ساھابىلەرنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولدى. شۇڭا بۇ يىل «مۇسىبەت يىلى» دەپ ئاتالدى. ئەبۇ تالىب ھايات چاغدا مۇشرىكلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىشىغا تېگىشتىن ئېھتىيات قىلىشاتتى. لېكىن ئەبۇ تالىب ۋاپات بولۇشى بىلەنلا ھىمايىسىز قالغان جىيەنىگە مۇشرىكلار تەپتارتماستىن خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىشقا باشلىدى. بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ كەبىدە ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۆزىنى بىلمەيدىغان زالىم ئۇقبەنى ئەبۇ جەھىل كۈشكۈرتىۋىدى، ئۇقبە يېڭى بوغۇزلانغان بىر تۆگىنىڭ ئۈچەي قېرىنىنى ئەكىلىپ سەجدىگە ئېگىشكەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ بېشىغا تاشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرمىدى.

ئەگەر ئۇ چاغدا سىز شۇ يەردە بولغان بولسىڭىز، قانداق قىلاتتىڭىز؟

..............................................................................................................

..............................................................................................................

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى پاتىمە يۈگرەپ كېلىپ، دادىسىنىڭ ئۈستى-بېشىنى پاكىزلىدى. رەسۇلۇللاھ نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا مۇشرىكلار ئەتراپىقا قاراپ خوشلۇقتىن قاقاھلاپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ قولىنى كۆتىرىپ ئۈچ قېتىم مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئاللاھىم! قۇرەيشتىن شۇ كىشىلەرنى ساڭا ھاۋالە قىلدىم: ئەبۇجەھىل، ئەبۇمۇئەيتىنىڭ ئوغلى ئۇقبە، ھەججاجنىڭ ئوغلى شۇبە، رابىئەنىڭ ئوغۇللىرى ئۇتبە بىلەن شەيبە، خەلەفنىڭ ئوغۇللىرى ئۇبەي بىلەن ئۇمەييەنى ساڭا ھاۋالە قىلدىم.» پەيغەمبىرىمىز ئىسمىنى تىلغا ئالغان بۇ مۇشرىكلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر قانچە يىلدىن كېيىن بەدر ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلدى.

## 2) تائىف سەپىرى ۋە ۋەھشىلەشكەن سەقىف ئاھالىسى (مىلادى 620 ـ يىلى)

مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى چىدىغۇسىز ھالەتكە كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياردەم ۋە پاناھلىنىدىغان بىر ماكان ئىزدەۋاتاتتى. بېقىۋالغان ئوغلى زەيدنى ئېلىپ تائىفقا باردى. تائىفتىكىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلماقچى ئىدى.

تائىفتە بۇتپەرەست سەقىف قەبىلىسى ياشايتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ يەردە 10 كۈن قېلىپ ئۇلارغا ئىسلامنى تەبلىغ قىلدى. قەبىلىنىڭ چوڭلىرى بىلەن كۆرۈشتى. لېكىن ئۇلاردىن ھېچكىم مۇسۇلمان بولمىدى. ھەتتا «پەيغەمبەر بولغىلى سەندىن باشقا ئادەم چىقماي قالدىمۇ؟» دەپ مەسخىرە قىلىشتى. ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ ئۆزلىرىگە كەلگەنلىكىنى شەرەپ بىلىشنىڭ ئورنىغا پەيغەمبىرىمىزنى «يۇرتىمىزدىن يوقال!» دەپ قوغلىدى، ھاقارەت قىلدى. پەيغەمبىرىمىز تائىفتىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئۇششاق باللار ۋە كوچىدا لاغايلاپ يۈرگەن لۈكچەكلەر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە توپلىنىپ ئۇنىڭغا توختىماستىن تاش ئاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇتى تاش تېگىپ يارىلىنىپ قان ئېقىشقا باشلىدى، پۇتى ئاغرىپ ماڭالماي قالدى. رەسۇلۇللاھ بىر دەم ئولتۇرماقچى بولۇۋىدى، بۇ ۋەھشىيلەشكەن زالىملار ئۇنىڭ يارىلانغان پۇتىغا داۋاملىق تاش ئېتىپ، ئۇنى ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇپ قېچىشقا مەجبۇرلىدى. پەيغەمبەر ئاغرىق ئازابىدا قىينالسا، ئۇلار تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىپ كۈلدى.

سىزنىڭچە زەيد، ئۇ چاغدا نېمىنى ھېس قىلغاندۇ؟ قانداق قىلغاندۇ؟

..........................................................................................

..........................................................................................

پەيغەمبىرىمىزگە ئېتىلىۋاتقان تاشلارغا قارشى زەيد ئۆزىنى قالقان قىلدى. ئۇلارغا: «سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ ئاللاھتىن قورقمامسىلەر؟ سىلەر تاش ئېتىۋاتقان كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟» دەپ ئۇلارغا توۋلىدى. لېكىن بۇ سۆزلەر ئۇ ۋەھشىيلەشكەن ئەسەبىيلەرنىڭ زۇلمىنى توسالمىدى. ئاخىرىدا رابىئەنىڭ ئوغۇللىرى ئۇتبە بىلەن شەيبەنىڭ يول بويىدىكى بېغىغا كىرىۋېلىپ، بىر دەم بولسىمۇ تاشتىن قۇتۇلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ يەردە قولىنى كۆتىرىپ مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ئاللاھىم! كۈچۈمنىڭ ئازلىقى، ئامالسىزلىقىم، خەلقنىڭ نەزىرىدە خار كۆرۈنۈپ قالغانلىقىمنى ساڭا شىكايەت قىلىمەن. سەن مەرھەمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكىسەن. ئەگەر سەن ماڭا غەزەپلەنمىگەن بولساڭ، تارتقان ئازاب ۋە كۈلپەتلەرگە پەرۋا قىلمايمەن. ئاللاھىم، سەن قەۋمىمنى ھىدايەت قىلغىن. ئۇلار بىلمەيدۇ. ئاللاھىم، سەن مەندىن رازى بولغۇچە مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن!»

رەسۇلۇللاھ گەرچە قاتتىق جاپا تارتقان بولسىمۇ، ئەمما سەقىف ئاھالىسىگە بەددۇئا قىلمىدى. ھەتتا جىبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

ـ ئەي رەسۇلۇللاھ، بۇ قەۋمنىڭ ساڭا قىلغانلىرىنى ئاللاھ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ساڭا شۇ تاغ پەرىشتىسىنى ئەۋەتتى. قەۋمىڭ ھەققىدە نېمە قىلىشنى خالىساڭ، بۇ پەرىشتىگە بۇيرىساڭ بولىدۇ. ـ دېدى. لېكىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ياق، مەن ئۇلارنىڭ تاغ ئاستىدا ئېزىلىپ ھالاك بولۇشىنى خالىمايمەن. ئاللاھتىن بۇ قەۋمنىڭ ئىچىدىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان، يالغۇز بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بىر ئەۋلات كىشىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشىنى تىلەيمەن. ـ دېدى.

# كۆز ياشلىرى بولاق بولدى

تائىفتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا پەيغەمبىرىمىز بىلەن زەيد بىر باغقا كىرىپ پاناھلانغان ئىدى. باغنىڭ ئىگىسى ئۇلارنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىپ، ئادداس ئىسىملىك بىر خىزمەتچىسىدىن بىر تاۋاق ئۈزۈم ئەۋەتتى. ئادداس ئۈزۈمنى پەيغەمبىرىمىزگە تەڭلەپ: «ئېلىڭلار، ئۈزۈم يەڭلار» دېدى. ئادداس مېھماننىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ قارىدى، كۆزىگە باشقىچە كۆرۈندى، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرىگە پەقەت ئوخشىمايتتى. رەسۇلۇللاھ ئۈزۈمنى «بىسمىللاھ» دەپ ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. بۇ سۆز ئادداسنىڭ تېخىمۇ دىققىتىنى تارتتى. ئادداس ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش ئىلكىدە سورىدى:

- بۇ سۆزنى بۇ يەردىكىلەر بىلمەيتتى. سىز كىم؟ بۇ يەردە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىكەنسىز.

- سەن قەيەرلىك؟ قايسى دىنغا ئىشىنىسەن؟ - دەپ سورىدى پەيغەمبىرىمىز. ئادداس:

- مەن نىنوۋادىن كەلگەن، خىرىستىئان دىنىغا ئىشىنىمەن. - دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- سەن سالىھ بەندە ماتتانىڭ ئوغلى يۇنۇسنىڭ يۇرتىدىن كەپسەن-دە! - دېدى.

ئادداس تېخىمۇ ھەيران بولدى. كۆز ئالدىدىكى بۇ مېھمان ئادەتتىكى بىر ئادەم ئەمەستى. ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. رەسۇلۇللاھ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- يۇنۇس مېنىڭ قېرىندىشىم. ئۇ بىر پەيغەمبەر ئىدى، مەنمۇ پەيغەمبەرمەن.

بۇنى ئاڭلىغان ئادداسنىڭ قەلبىدە تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھاياجان پەيدا بولدى. ئۇ شۇ كەمگىچە بۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ باقمىغانىتى. نىھايەت، رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىدىن سىماسىغا ئەكس ئەتكەن نۇرنى پۈتۈن تائىفتە پەقەت بىر قۇل ئادداس كۆرەلىدى. ئادداس كەلىمە-شاھادەت ئېيتقاندا ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىمان بولىقى كۆز يېشى بولۇپ تاراملاپ ئاقتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىنى سۆيدى. ئەمدى ئادداس بىر مۇسۇلمان ئىدى. (ئىبنى ھىشام، 2/62)

## 2. رەسۇلۇللاھ ئىنسانلارنى ئىسلامغا چاقىرماقتا

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائىفتىن مەككىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىسلامنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىشقا باشلىدى. ھەج مەزگىلىدە مەككىگە يېقىن يەرلەردىكى ئاۋات بازارلارغا بېرىپ، ئۇ يەرگە يىغىلغان باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا قۇرئانى-كەرىم ئوقۇپ، ئىسلامنى تەبلىغ قىلدى.

قۇرەيشنىڭ چوڭلىرى ئىسلامنىڭ مەككە سىرتىدا باشقا قەبىلىلەر ئارىسىدا تارقىلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تىرىشچانلىقىنى يوققا چىقىرىش، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە باشقا قەبىلىدىكىلەرنى ئىشىنىشتىن توسۇش ئۈچۈن چارە-ئامال ئىزدەشكە باشلىدى.

ئەدەبىياتنى ياخشى بىلىدىغان، ئەقىللىق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى بولغان ۋەلىد بىن مۇغىرە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قۇرئانى-كەرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

- مەن ھەر تۈرلۈك شېئىرلارنى بىلىمەن. مۇھەممەدتىن ئاڭلىغىنىم شېئىر ئەمەس. شۇڭا ئۇنى شائىر دېگىلى بولمايدۇ. ئاڭلىغىنىم نەسىرمۇ ئەمەس. قۇرئان سۆزلىرىدىكى گۈزەللىك ۋە بەدىئىيلىك باشقا ھېچقانداق سۆزدە يوق. ئۇنى سېھىرگەر ياكى پالچى دېگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ سۆزلەرنىڭ سېھىر ۋە پال بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ساراڭ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. بۇنداق دېسەڭلار سىلەرگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى، قۇرئاندىكى بۇنداق گۈزەل سۆزلەرنى بىر ساراڭ ئەمەس، ھەتتا ئەقىللىق ئادەملەرنىڭمۇ توقۇپ چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى داخان دېگىلىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى سېھىر، تىلسىم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانمايدۇ.

- ئۇنداقتا ئۇنى نېمە دەيمىز؟ - دەپ سوراشتى كىشىلەر.

- نېمە دېيىشىڭلارنى مەنمۇ بىلمەيمەن. لېكىن سىلەر ئېيتقان شائىر، پالچى، مەجنۇن، داخان قاتارلىقلارنىڭ ھېچبىرى ئەمەس. بۇنداق دەپ ھېچكىمنى ئىشەندۈرەلمەيسىلەر. - دېدى. لېكىن ۋەلىد بىن مۇغىرە ئەتىسى:

- ئۇنى سېھىرگەر دېسەك بولغۇدەك. چۈنكى ئۇنىڭ سۆزلىرى قېرىنداشنى قېرىنداشتىن ئايرىيدۇ. تۇغقانلار ئارىسىغا زىددىيەت ئۇرۇقى چاچىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرى سېھىر ۋە تىلسىمدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنى سېھىرگەر دەيلى. - دەپ ئالدىدا سۆزلىگەن گېپىنى ئۆزگەرتتى.

شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار «سېھىرگەر، داخان» دەپ ئاتاشنى قارارلاشتۇردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىم بىلەن، قايسى كىشىلەر بىلەن كۆرۈشسە، مۇشرىكلار ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ:



«ئۇنىڭ گېپىنى ھەرگىز ئاڭلىماڭلار، ئۇنىڭغا ئالدانماڭلار، ئۇ سېھىرگەر، ئۇققانلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ» دەپ تەشۋىق قىلدى. لېكىن مۇشرىكلارنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقى ئىسلامنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ قالالمىدى. قۇرئان ئۇلارغا جاۋاب بەردى:

«ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ، لېكىن كاپىرلار خالىمىسىمۇ، ئاللاھ ئۆز نۇرىنى چوقۇم ئۈستۈن قىلىدۇ.» (تەۋبە سۈرىسى 32 ـ ئايەت)

## 1) ئەقەبەدە ئۇچرىشىش ۋە بەيئەتلەر

گەرچە خىلمۇ-خىل توسقۇنلۇقلار بار بولسىمۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج مەزگىلىدە كەبىدىكى بۇتلارنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەرگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. بىر كۈنى مەككىنىڭ شىمالىدا، مەككە بىلەن مىنا ئارىسىدىكى «ئەقەبە» دېگەن ئېگىزلىكتە ئالتە كىشىلىك بىر ھەيئەت ئۇچرىدى. بۇلار مەدىنىدىكى خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار بىلەن سۆزلەشتى. قۇرئانى-كەرىم ئوقىدى. ئىسلامنى تەبلىغ قىلىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلدى. مەدىنىلىكلەر ياشانغان كىشىلەردىن يېقىندا بىر پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى يېڭى دىنغا دەۋەت قىلىشى بىلەن ئۇلار بىر-بىرىگە قاراشتى: «يەھۇدىيلار كۈتىۋاتقان، ئاقساقاللار گېپىنى قىلغان پەيغەمبەر مانا كەپتۇ. بىز ئۇنىڭغا يەھۇدىيلاردىن ئاۋۋال ئىمان ئېيتايلى، ئۇلاردىن چاققان بولايلى!» دېيىشىپ كەلىمە-شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

## 2) بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى (مىلادى 621 ـ 622 ـ يىللار)

ھەج مەزگىلى ئاخىرلاشقاندا بۇ ئالتە كىشىلىك ھەيئەت مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. مەككىدە كۆرگىنىنى دوست-بۇرادەر، يېقىن-

يۇرۇقلىرىغا سۆزلەپ بەردى. مەدىنىدە مۇسۇلمانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەج مەزگىلىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەدىنىدىن مەككىگە 12 مۇسۇلمان كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە 10 كىشى خەزرەج قەبىلىسىدىن، 2 كىشى ئەۋس قەبىلىسىدىن بولۇپ، 5 نەپىرى ئۆتكەن يىلقى ئەقەبە ئۇچرىشىشىغا قاتناشقانلار ئىدى. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشتا مەدىنىلىك 12 مۇسۇلمان رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلدى. يەنى،

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە،

ئوغرىلىق ۋە زىنا قىلماسلىققا،

قىز بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە،

ھېچقانداق كىشىگە تۆھمەت قىلماسلىققا،

ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا قەتئىي ئىتائەت قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ بەيئەت قىلدى. مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار بۇ ئۇچرىشىش ۋە بەيئەتتىن كېيىن ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن يۇرتىغا (مەدىنىگە) قايتىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىلىكلەرگە ئىسلام ۋە قۇرئاننى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۇمەير بىن مۇسئەبنى مۇئەللىم قىلىپ ئۇلار بىللە بىللە ئەۋەتتى.

مۇسئەب ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىن مۇسۇلمان بولغان ئائىلىلەرگە بېرىپ ئۇلارغا قۇرئانى-كەرىم ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەتتى. مۇسئەب گۈزەل ئەخلاقلىق، سەۋرچان، ئەدەبلىك ۋە بىلىملىك مۇئەللىم ئىدى. ئۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتى ۋە ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولدى. ئۆزىنى تونىغان ھەر كىشىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىسلامغا ئېلىپ كىرەتتى. ئەقەبەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسئەبنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى تېز كۆپەيدى. پەقەت ئەۋس قەبىلىسى چوڭلىرىدىن سەئىد بىن مۇئاز بىلەن

بۇ ئەھۋالدا سىزنىڭچە مۇسئەب قانداق قىلغاندۇ؟ نېمە دەپ جاۋاب بەرگەندۇ؟

..............................................................................

..............................................................................

ئۇسەيد بىن خۇدەير تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. بىر كۈنى مۇسئەب ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرىۋاتقاندا ئۇسەيد ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. مۇسئەبنىڭ دىن تەبلىغ قىلىشىنى توسماقچى بولدى:

- سىلەر نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ كىشىلەرنى ئاتا-بوۋىسىنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇۋاتىسىلەر. - دېدى. مۇسئەب ئۇنىڭغا سىلىق-سىپايە مۇئامىلە قىلدى. قۇرئانى-كەرىمدىن ئايەت ئوقۇدى. ئۇسەيدكە بۇ ئايەتلەر قاتتىق تەسىر قىلدى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كۆڭلىدە تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان بىر تۇيغۇنى ھېس قىلدى. «بۇلار نەقەدەر گۈزەل سۆزلەر!» دېگىنىچە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن:

- مەن بېرىپ سەئىد بىن مۇئازنى ئېلىپ كېلەي. ئەگەر ئۇمۇ ئىسلامغا قايىل بولسا، بۇ يۇرتتا مۇسۇلمان بولمىغان ھېچكىم قالمايدۇ. - دېدى.

سەئىد مەدىنىدە ئىسلامنىڭ تارقىلىشىدىن بىئارام بولىۋاتاتتى. ئۇسەيدنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ مۇسئەبنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ يەردىكىلەرگە: «ئەي ئەۋس قەبىلىسى، ئەگەر سىلەر بىلەن ئوتتۇرىمىزدا ئۇرۇق-تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان بولسا، بۇنداق تەپرىقە، زىددىيەت ئۇرۇغى تېرىشىڭلارغا قاراپ تۇرمىغان بولاتتىم! - دېدى.

مۇسئەب ئۇنىڭغا ئىنتايىن سىلىق-سىپايە، يۇمشاق مۇئامىلە قىلدى. ئەقىلگە ۋە كۆڭۈلگە خىتاب قىلىدىغان بۇ گۈزەل دىنىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى. قۇرئانى-كەرىمدىن ئايەت ئوقۇدى. ئاخىرى سەئىد بىن مۇئازمۇ مۇسۇلمان بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتى. بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدە بۇ ئىككى كىشىنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمان بولمىغان ھېچكىم قالمىدى.

مۇسئەب بىن ئۇمەير پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەدىنىدىكى بۇ ياخشى ئۆزگىرىشلەرنىڭ خەۋىرىنى ئەۋەتتى. مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن پەيغەمبىرىمىز بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى. بۇ خۇشاللىنارلىق ئەھۋاللار يۈز بەرگەن يىل «خۇشاللىق يىلى» دەپ ئاتالدى.

كېيىنكى يىلى مەككىگە مەدىنىدىن 75 نەپەر مۇسۇلمان كەلدى. ئۇلار ئەقەبە ئېگىزلىكىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەخپىي كۆرۈشتى. ئۇنى مەدىنىگە تەكلىپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇ چاغلاردا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان تاغىسى ئابباس ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە قارىتا سۆزگە چىقتى. چۈنكى ئەبۇ تالىبنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن جىيەنىنى ھىمايە قىلىش ۋەزىپىسىنى ئابباس ئۈستىگە ئالغان ئىدى:

- ئەي خەزرەج ۋە ئەۋس خەلقى، سىلەرگە مەلۇملۇق، جىيەنىم مۇھەممەد كاتتا كىشىدۇر. بىز ئۇنى ھازىرغىچە دۈشمەنلىرىگە قارشى قوغدىدۇق، بۇندىن كېيىنمۇ قوغدايمىز. سىلەر ھازىر ئۇنى مەدىنىگە تەكلىپ قىلىۋاتىسىلەر، مەدىنىدە ياشاڭ دەۋاتىسىلەر، ئۇمۇ شۇنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن سىلەر ئۇنى دۈشمەنلىرىگە قارشى قوغدىيالىساڭلار تەكلىپ قىلىڭلار، بولمىسا تەكلىپ قىلماڭلار. ئۇنى ھەرقانداق ئەھۋالدا مۇداپىئە قىلالمىساڭلار، تەكلىپ قىلىپ ئاۋارە بولماڭلار. - دېدى.

مەدىنىلىكلەر ئابباسنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، سىزمۇ گەپ قىلىڭ. بىزدىن ئاللاھ ئۈچۈن، ئۆزىڭىز ئۈچۈن نېمىنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئېيتىڭ. بىز سىزگە ۋەدە بېرىپ بەيئەت قىلىشقا تەييارمىز. - دېيىشتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئاندىن ئايەت ئوقۇغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

- مەيلى خۇشال ياكى غەمكىن بولۇشۇڭلاردىن قەتئىنەزەر، دىنىي ئىشلارنى بىجانىدىل ئادا

مەدىنىلىكلەر بەيئەت قىلغاندا ۋەدە بەرگەن سۆزنى ئورۇنلاش قىيىن بولارمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

..............................................................................................................

..............................................................................................................

قىلىشقا، ھەق ئادالەت ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشتىن باش تارتماسلىققا، يۇرتۇڭلارغا ھىجرەت قىلىپ بارغىنىمدا مېنى ئائىلەڭلارنى، بالىلىرىڭلارنى قوغدىغاندەك قوغداشقا ۋەدە قىلالامسىلەر؟

مەدىنىلىكلەر:

— ئەي رەسۇلۇللاھ، بىز بۇ يەرگە ساڭا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلدۇق. سەن نېمىنى بۇيرىساڭ، بىز شۇنى قىلىمىز. بالا-ۋاقىمىزنى، ئائىلىمىزنى قانداق قوغدىساق، سېنى ئۇنىڭدىن بەكرەك قوغدايمىز. سۆزىمىزدىن يانمايمىز. — دېگەنىدىن كېيىن:

— ئەي رەسۇلۇللاھ، ئەگەر سەن كۆرسەتكەن يولدا سەن ئۈچۈن ئۆلسەك، نېمىگە ئېرىشىمىز؟ — دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىسىلەر. — دېدى. ئۇلار:

— ئۇنداق بولسا، ساڭا بەيئەت قىلىمىز، ئەكىلىڭ قولىڭىزنى ... — دېگىنىچە ھەممىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ «زورۇر تېپىلغاندا ئىسلام يولىدا جېنىنى پىدا قىلىشقا» ۋەدە بېرىپ بەيئەت قىلدى.

### 3) ئىسرا ۋە مېراج مۆجىزىسى (621 ـ يىلى)

ئىككىنچى ئەقەبە ئۇچرىشىشىدىن كېيىن رەجەب ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنى كېچىسى پەيغەمبىرىمىزگە «ئىسرا ۋە مېراج» مۆجىزىسى نېسىپ بولدى. «ئىسرا» كېچە سەپىرى، كېچىدە مېڭىش دېگەنلىك؛ «مېراج» بولسا، يۇقىرىغا چىقىش ۋە يۈكسىلىش ئالامىتى دېگەنلىكتۇر. بۇ چوڭ مۆجىزە كېچىنىڭ بىر قىسمىدا يۈز بەرگەنلىكى ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ كېچە ئاسمانلارغا ئۆرلەپ، ئۇلۇغ مەرتىۋىگە يۈكسەلدۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ مۆجىزە «ئىسرا ۋە مېراج» دەپ ئاتالغان. قۇرئانى ـ كەرىمدە: «ئاللاھ (بارچە نوقسانلىدىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.» دېيىلگەن. (ئىسرا سۈرىسى 1 ـ ئايەت)

بۇ مۆجىزىۋى ۋەقە مۇنداق يۈز بەرگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى كېچىسى كەبىدىكى «خاتىم» دېگەن يەردە تۇرغاندا جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن «بۇراق» ئىسىملىك دۇلدۇلغا مىنىپ قۇددۇستىكى (پەلەستىن ئېرۇسالىمدىكى) مەسجىدى ئەقساغا كېلىپ ناماز ئوقىغان. بۇ يەردىن ئاسمانغا چىققان. بۇ ئاسمانلاردا خىلمۇ ـ خىل ھادىسىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ھېچبىر جانلىق ياكى مەۋجۇدات ھالقىپ ئۆتەلمەيدىغان «سىدرەتۇل مۇنتەھا»غا قەدەر ئۆرلىگەن. «سىدرەتۇل مۇنتەھا»نىڭ يەنە بىر تەرىپى بولسا، سۆز بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان بىر ئالەم ئىدى. مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە پەيغەمبىرىمىزگە ھەمراھ بولغان جىبرائىل ئەلەيھىسسالاممۇ «سىدرەتۇل مۇنتەھا»دىن ھالقىپ ئۆتەلمىگەن: «مەن چېگرا سىزىقىغا كەلدىم، بۇ يەردىن ئۆتەلمەيمەن، ئەگەر ئۆتىمەن دەپ ئالدىمغا قاراپ ماڭسام كۆيۈپ كۈل بولىمەن» دېگەن.

مېراجدا ئاللاھتائالا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە نۇرغۇن ئالەمنى كۆرسەتكەن. ئاللاھتائالا دۇنيادا ۋەھيىنى پەيغەمبىرىمىزگە پەرىشتە جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ۋاستىسى بىلەن يەتكۈزەتتى. لېكىن بۇ مېراجدا ۋەھيىنى پەيغەمبىرىمىزگە پەرىشتە ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بىۋاستە ۋەھيى قىلدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۈچ ئىش بۇ مېراجدا بېرىلدى (مۇسلىم،1):

- بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش پەرز قىلىندى.
- بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى (ئامەنەررەسۇلۇ...) ۋەھيى قىلىندى.
- پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىكى كىشىلەردىن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەنلەرنىڭ ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدىغانلىق خوشخەۋىرى بېرىلدى.

### 4) مۆجىزىلەرنى كۆرگەن مۇشرىكلارنىڭ تەرسا، جاھىللىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېراجدا كۆرگەنلىرىنى ئەتىسى ئەتىگەن سۆزلەپ بەردى. مۆمىنلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىشەندى. ئۇنىڭغا: «مۇبارەك بولسۇن!» دېدى. مۇشرىكلار بولسا ئىلگىرىكىدەكلا ئىشەنمەي ئىنكار قىلدى. بىر كېچىدە بىر كىشىنىڭ پەلەستىندىكى قۇددۇسقا بېرىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىش دېيىشتى. مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا قۇددۇسقا بارغان، ئەقسا مەسجىدىنى كۆرگەن ئادەملەر بار ئىدى. ئۇلاردىن بەزىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى سىناپ باقماقچى بولۇشتى:

ـ مەسجىدى ئەقسانىڭ قانچە ئىشىكى بار؟

ـ بۇ يېرى قانداق؟ ئۇ يېرى قانداق؟

ـ ئاۋۇ تەرىپىدە نېمە بار؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېيىن بۇ ۋەقەنى بايان قىلغاندا مۇنداق دېگەن:

«مەككىلىكلەر مەندىن مېراجدا كۆرگەنلىرىم، بولۇپمۇ مەسجىدى ئەقسا ھەققىدە شۇنداق سوئاللار سورىدىكى، ئىسرا كېچىسى مەن بۇلارغا پەقەتلا دىققەت قىلمىغانتىم. بىراق مەككىلىكلەر مەندىن ئىمتىھان ئېلىش ئۈچۈن سوئال سوراۋاتقاندا ئاللاھتائالا مەسجىدى ئەقسانى مېنىڭ كۆز ئالدىمغا ئەكىلىپ بەردى. مەككىلىكلەر نېمىنى سورىسا، شۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم.»

رەسۇلۇللاھتىن سورىغان ھەر سوئالغا توغرا جاۋاب ئالغان مۇشرىكلار ئىنكارچىلىقى ۋە

جاھىل، تەرسالىقىدىن ۋاز كەچمەي، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا يۈگرەپ بېرىشتى:

- مۇھەممەد تۈنۈگۈن كېچە قۇددۇسقا بېرىپ كەلگەنلىكىنى، ئاسمانغا چىققانلىقىنى سۆزلەۋاتىدۇ. بۇنىڭغىمۇ ئىشىنەمسەن؟ - دېيىشتى.

ئەبۇ بەكرى قىلچە ئارىسالدى بولماستىن:

- ئۇ نېمە دېگەن بولسا راست دەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يالغان گەپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ نېمە دېسە، مەن ئۇنى قەتئىي راست دەپ ئىشىنىمەن. - دېدى. مۇشرىكلار:

- ھازىر سەن ئۇنىڭ بىر كېچىدە پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقساغا بېرىپ كەلگەنلىكىگىمۇ ئىشىنەمسەن؟ - دەپ سوراشتى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- شۇنداق، ئىشىنىمەن! بۇنىڭ ئىشەنمىگۈدەك نېمىسى بار؟ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ماڭا مەلۇم بىر كېچە ياكى كۈندۈزدە ئۆزىگە ئاللاھتىن ۋەھيى كەلگەنلىكىنى ئېيتسا، مەن يەنە ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن. - دېدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلىغان مۇشرىكلار كېيىن نېمە قىلغاندۇ؟

..................................................................................................................

..................................................................................................................

ئۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەبىدە ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، مىراج ۋەقەسىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغاندىن كېيىن:

- راست ئېيتىسەن، ئەي رەسۇلۇللاھ! - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن خۇرسەن بولۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ھەزرىتى ئەبۇبەكرىگە:

- ئەي ئەبۇبەكرى، سەن ھەقىقەتەن سىددىق (ساداقەتمەن، راستچىل، ھەقىقەتچى) ئادەمسەن! - دېدى. (ئىبنى ھىشام، 2-جىلد، 5)



# 3. ئاخىرقى چارە: ھىجرەت، مەككىدىن ھەسرەتلىك ئايرىلىش

مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلى مۇسۇلمانلار مەككىدە ياشىيالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ سەۋەپتىن ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى قارارلاشتۇرۇلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەر ھىجرەت قىلىدىغان يەرنىڭ ئىككى قارا ساي ئارىسىدىكى بىر خورمىلىق يەر ئىكەنلىكى ماڭا كۆرسىتىلدى.» (بۇخارى، «كەفالەت»، 4) دېيىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت بەردى. مۇھەررەم ئېيىدا (مىلادى 622-يىلى 7-ئاي) مەككىلىك مۇسۇلمانلار گۇرۇپ-گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مەخپى ھالدا مەدىنىگە كۆچۈشكە باشلىدى. بەزىلەر يالغۇز ماڭدى، بەزىلەر ئائىلىسى بىلەن ماڭدى. مەككىدىن مەدىنىگە تۇنجى ھىجرەت قىلغان كىشى ئابدۇلئەسەد بىن ئەبۇ سەلەمە، ئەڭ ئاخىرىدا ھىجرەت قىلغان كىشى بولسا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئاbباس ئىدى.

ھىجرەتنىڭ باشلىنىشىدىن ئېتىۋارەن مەككە پەتھى قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا دىن ئۈچۈن ئۆيى، مال-مۈلكى، ئائىلىسى، ئۇرۇق-تۇققانلىرى، ھەممە نەرسىسىنى مەككىدە تاشلاپ قويۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رۇخستى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مەككىلىك مۇسۇلمانلار «مۇھاجىرلار» دەپ ئاتالدى. مەدىنىدە بۇ مۇھاجىرلارنى مېھمان



قىلغان، قول ـ ئىلكىدىكى بارلىق نەرسىسىنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىپ، تەڭداشسىز مەرتلىك، پىداكارلىق نەمۇنىسى كۆرسەتكەن مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار «ئەنسارلار» دەپ ئاتالدى.

ھەزرىتى ئۆمەر مەخپى ھىجرەت قىلمىدى. ئۇ ھېچكىمدىن قورقمايتتى. ھىجرەت قىلىدىغان كۈنى قىلىچىنى ئالدى، ئوقياسىنى مۈرىسىگە ئاستى. ئوق ۋە نەيزىسىنى قولىدا تۇتقىنىچە كەبىگە باردى. مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى بۇ چاغدا كەبىنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەبىنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى. گۇيا كەلگۈسىدىكى غەلىبىنىڭ تۇنجى شەپىسىنى كۆرسەتكەندەك تەلەپپۇزدا مۇشرىكلارغا مۇنداق دەپ ۋارقىرىدى:

ـ مەن ھازىر مەدىنىگە كېتىۋاتىمەن. ئانىسىنى يىغلىتىپ، خوتۇنىنى تۇل، بالىلىرىنى يېتىم قىلىشنى خالايدىغانلار بولسا ئارقامدىن ماڭسۇن! ئاۋۇ ۋادىنىڭ ئارقىسىدا مەن بىلەن ئۇرۇشسا بولىدۇ!

لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ ماڭمىدى. (ئىبنى كەسىر، «ئۇسدۇل غابە»، 4 ـ جىلد، 152 ـ 153)

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەككىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى مەدىنىگە كۆچۈپ كەلدى. پەقەت ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بىلەن ھەزرىتى ئەلىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە ئىشقا بۇيرۇپ تۇراتتى. مەككىدە مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىسى تەرىپىدىن سولاپ قويۇلغانلار بىلەن قول ـ مالاي، چۆرىلەردىن باشقا مۇسۇلمان قالمىدى.

## 1) مۇشرىكلارنىڭ قورقۇنچلۇق پىلانى

ئەقەبە ئۇچرىشىشىدىن كېيىن ئىسلامىيەت مەدىنىدە تارقىلىشقا باشلىدى. مۇشرىكلار قورقۇۋاتقان ئىش ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەنىتى. ئەمدى ئۇلار «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بېرىپ مۇسۇلمانلارغا باشلىق بولسا، قانداق قىلارمىز؟» دەپ غەم يېيىشكە باشلىدى. چۈنكى مەككىلىكلەرنىڭ شامدىكى تىجارەت يولى مەدىنىگە يېقىن يەردىن ئۆتەتتى. مۇسۇلمانلار بۇ يەردىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ سىلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ئېغىر زۇلۇم سالغان ئىدى. مۇسۇلمانلار مەدىنىلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ بىزدىن ئىنتىقام ئالىدۇ دەپ خاتىرجەمسىزلەندى. خائىن مۇشرىكلار بۇ ئىشنى ئۇزۇل ـ كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلىپ يىغىن ئاچماقچى بولدى. ئۇلار دارۇننەدۋەدە يىغىلدى. بۇ يىغىلىشقا مەككىنىڭ چوڭلىرىدىن ئەبۇ جەھىل، ئەبۇ سوفيان، ئەبۇل بەختەرى، ئۇتبە بىن رابىئە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئويلىغان چارە ـ ئاماللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەبۇل بەختەرى:

ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى باغلاپ قاراڭغۇ بىر ئۆيگە سولاپ قويايلى. شۇ يەردە ئۆلگىچە تۇرسۇن، ــ دېدى. ئامىر بىن ھىشام:

ــ ئۇنى بىر تۆگىگە مىندۈرۈپ مەككىدىن قوغلاپ چىقىرايلى. يىراق بىر يەرگە سۈرگۈن قىلايلى. ــ دېدى. ئەبۇ جەھىل:

ــ قۇرەيشنىڭ بارلىق ئايماقلىرىدىن بىردىن ۋەكىل تاللايلى. بۇلار بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىرلىكتە ئۆلتۈرسۇن. ئېنىق كىمنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى مەلۇم بولمىسۇن. بۇنداقتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ھاشىم جەمەتى پۈتكۈل قۇرەيش قەبىلىسىگە قارشى ئۇرۇش ئاچالمايدۇ، خۇن دەۋاسى قىلالمايدۇ. ئامالسىز ھالدا ئازغىراق تۆلەمگە رازى بولىدۇ. بۇ مەسىلە ھەل بولىدۇ. ــ دېدى. ئەبۇ جەھىلنىڭ بۇ تەكلىپىگە ھەممەيلەن قوشۇلدى.

مۇشرىكلارنىڭ دارۇننەدۋەدىكى بۇ يىغىلىش ۋە پىلانلىرى قۇرئانى-كەرىم ئەنفال سۈرىسىنىڭ 30-ئايىتىدە مۇنداق خۇلاسىلەنگەن: «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماققا ئېلىش، ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر.» (ئەنفال سۈرىسى 30-ئايەت)

**2) سۈيىقەستچىلەر ھەرىكەتكە ئۆتتى**

مۇشرىكلارنىڭ بۇ خەتەرلىك پىلانىنى جىبرائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلدى: «ئىلگىرىدىن باشلاپ يېتىپ كەلگەن ئورنۇڭدا بۇ كېچە ياتمىغىن. ئۆيۈڭدىن چىقىپ كەتكىن» دېدى. شۇنداق قىلىپ ئاللاھتائالا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت بەردى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەلىنى چاقىردى: «مەن مەدىنىگە بارىمەن. سەن بۇ كېچە مېنىڭ ئورنۇمدا ياتقىن. مېنىڭ يەكتىكىم بىلەن ئۈستۈڭنى يۆگىگىن. مۇشرىكلار مېنى بۇ يەردە يېتىپتۇ دەپ ھېس قىلسۇن. ئۇلارغا چاندۇرمىغىن. ماڭا ئامانەت قويۇلغان ماۋۇ نەرسىلەرنى ئەتىگەندە ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگىن. ئاندىن سەنمۇ دەرھال ئارقىمىزدىن مەدىنىگە كەلگىن» دېدى.

قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا قاتىللىققا نىيەتلەنگەن سۈيىقەستچىلەر ئۆينىڭ ئەتراپىنى قورشىدى. پەيغەمبىرىمىز سەھەردە ئۆيىدىن چىقىشى بىلەنلا تەڭلا ئېتىلىپ كىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى. ھەزرىتى ئەلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياتىقىدا ياتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىغا بىر سىقىم توپا ئېلىپ ئۆينى قورشاپ تۇرغان مۇشرىكلارنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا غەرق بولدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياسىن سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى توققۇز ئايەتنى ئوقىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ» مەنىسىدىكى 9-ئايەتنى ئوقىغاچ مۇشرىكلارنىڭ ئالدىدىن مېڭىپ چىقىپ كەتتى. مۇشرىكلار مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئورنىدا يېتىپ ئۇخلاۋاتىدۇ دەپ بىلەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئورنىدا ياتقان كىشىنىڭ ھەزرىتى ئەلى ئىكەنلىكىنى سەھەردە كۆرۈپ ھەيران قالدى-دە، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئەسەبىيلىشىپ كەتتى. دەرھال تەرەپ-تەرەپتە پەيغەمبىرىمىزنى ئىزدەشكە باشلىدى. مەككىدە بارمىغان ئۆي، كىرمىگەن تۆشۈك قالمىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاپالمىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچە ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن كەبىنى تاۋاپ قىلدى. ھەسرەتلىك كۆزلىرى بىلەن مەككىگە ئاخىرقى قېتىم قاراپ: «ئەي مەككە، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سەن زېمىندىكى ئەڭ ياخشى يەر، ماڭا نىسبەتەن ئەڭ سۆيۈملۈك ماكانسەن. ئەگەر مەجبۇرلانمىغان بولسام، سەندىن ئايرىلمايتتىم» دېدى. ئەتىسى پېشىن ۋاقتىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەبۇ بەكرى نەچچە ئايدىن بويان ھىجرەت سەپىرىگە

تەييارلىق قىلىپ بېقىۋاتقان ئىككى تۆگىسىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇنىڭ بىرى سىزنىڭكى، ئەي رەسۇلۇللاھ، سىز خالىغاننى تاللاپ مىنگەيسىز!» دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر تۆگىنى تاللاپ، ئۇنىڭ پۇلىنى بەرگەندىن كېيىن ئۇلار يولغا چىقتى.

### 3) غاردىكى ئۈچ كۈن

كېچە بولۇشى بىلەنلا ئۇلار ئۆينىڭ ئارقا دېرىزىسىدىن چىقتى. مەككىنىڭ جەنۇبىدىكى سەۋر تېغىغا بېرىپ غارغا كىردى. مۇشرىكلار ئۇلارنى تەرەپتە تەرەپتە ئاقتۇرۇپ ئىزدەۋاتقان بولغاچقا مۇشۇ غاردا ئۈچ كۈن يوشۇرۇن تۇردى.

ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ كېچىسى غارغا كېلىپ مەككىدە بولغان ئىشلارنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن مەككىگە قايتىپ كېتەتتى. خىزمەتچىسى ئەمر بىن فۇھەيرە قويلارنى ئوتلاتقاچ ئاخشىمى سەۋر غارىغا كېلىپ، ئۇلارغا قوي سۈتى بېرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى ئىزدەۋاتقانلار ئىز قوغلاپ مېڭىپ ئاخىرى سەۋر غارىنىڭ ئېغىزىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ مېڭىشقان

سىز شۇ يەردە بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

.........................................................................................

.........................................................................................

## يىلان چېقىۋالدى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەۋر غارىدا تۇرغان بىر چاغدا مۇبارەك بېشىنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تىزى ئۈستىگە قويۇپ ئۇخلىغانىتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىدا بىر كىچىك تۆشۈك كۆردى. ئۇ يەردىن بىرەر زىيانداش ھاشارەت چىقىپ پەيغەمبىرىمىزنى چېقىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبىرىمىزنى ئويغىتىپ سالماسلىق ئۈچۈن ئاستاغىنە ھەرىكەت قىلىپ پۇتىنىڭ تاپىنى بىلەن ئۇ تۆشۈكنى ئەتتى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇ تۆشۈكنىڭ ئىچىدىكى زەھەرلىك يىلان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ تاپىنىنى چاقتى. يىلاننىڭ زەھىرى ئۇنىڭ پۇتىنى قاتتىق ئاغرىتتى. لېكىن رەسۇلۇللاھنى ئويغىنىپ كەتمىسۇن دەپ قىمىر قىلماي جىم تۇردى. لېكىن پۇتىدىكى قاتتىق ئاغرىق تۈپەيلى كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلارنى تۇسۇۋالالمىدى. بۇ كۆز يېشىدىن بىر تامچىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك يۈزىگە تامچىلىدى. بۇنىڭدىن ئويغىنىپ كەتكەن رەسۇلۇللاھ:

ـ نېمە بولدۇڭ؟ ئەي ئەبۇ بەكرى، نېمە ئىش بولدى؟ ـ دەپ سورىدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى:

ـ بىر ئىش بولمىدى رەسۇلۇللاھ. ـ دەپ جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىنچىكىلەپ سوراۋېرىشى بىلەن پۇتىنى يىلان چېقىۋالغان ئىشنى ئېيتتى. (بەيھاقى، «دەلائىل»، 2ـ جىلد، 477)



ئاياق ئاۋازى بىلەن دېيىشكەن گەپلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مۇشرىكلار ئەگەر ئازىراق ئېگىلىپ قارىغان بولسا، غاردىكىلەرنى كۆرەلەيتتى. ئۇلار غارنىڭ ئوڭ سول تەرىپىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ:

ـ ئەگەر ئۇلار غارغا كىرگەن بولسا، ماۋۇ كەپتەر ئۇۋىسىدىكى تۇخۇملار چېقىلىپ، ئۆمۈچۈك تورى بۇزۇلغان بولاتتى. ـ دېيىشتى.

بەزىلەر:

ـ غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاراپ باقمايلىمۇ؟

ـ دېگەندە، ئۇمەييە بىن خەلەف:

ـ سىلەردە ئەقىل دەيدىغان نەرسە بارمۇ؟ غارغا نېمىشقا كىرەتتىڭلار؟ كىرىش ئېغىزى قاتمۇـقات ئۆمۈچۈك تورى بىلەن قاپلانغان بۇ غارغا كىرمەكچىمۇسىلەر؟ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئۆمۈچۈك تورىنىڭ ئۆمرى مۇھەممەدنىڭ يېشىدىنمۇ چوڭ، ئۇ تېخى تۇغۇلمىغاندا ئۆمۈچۈك بۇ يەرگە تور توقۇپ بولغان.

چۈشەندىڭلارمۇ؟ ـ دېدى.

ئەبۇ جەھىل:

ـ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مۇھەممەد بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن. لېكىن ئۇ سېھىر قىلىپ كۆزىمىزنى پەردىلەپ قويدى، كۆزلىرىمىزنى كۆرەلمەيدىغان قىلىۋەتتى. ـ دېدى.

## 4) مەدىنىگە يېتىپ كېلىش ۋە تۇنجى جۈمە نامىزى

مەدىنىلىكلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مەدىنىگە بىر سائەت يىراقلىقتىكى قۇبا يېزىسىدا كۈتىۋالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە بەنى ئامىر بىن ئەۋف جەمەتىدە 14 كۈن مېھمان بولدى. بۇ يەردە قۇبا مەسجىدىنى بىنا قىلىپ، ئۇ يەردە ناماز ئوقىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۈچ كۈن كېيىن يولغا چىققان ھەزرىتى ئەلى، پەيغەمبىرىمىز قۇبادىكى چاغدا يېتىپ كەلدى. 14 كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر جۈمە كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىگە مىندى. كۈتىۋالغىلى كەلگەنلەر بىلەن بىرلىكتە دەبدەبىلىك ھالدا مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. يولدا رانۇنا ۋادىسى دېگەن يەردە پېشىن ۋاقتى بولدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ يەردە كەينى-كەينىدىن ئىككى قېتىم خۇتبە ئوقۇپ تۇنجى جۈمە نامىزىغا ئىماملىق قىلدى.

تۇنجى خۇتبىسىدە ئاللاھتائالاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

- ئەي ئىنسانلار، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئاللاھتائالاغا تەۋبە قىلىڭلار. پۇرسەت بار چاغدا ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراڭلار. ئاللاھنى كۆپلەپ زىكىر قىلىش، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كۆپلەپ سەدىقە بېرىش ئارقىلىق رەببىڭلارغا بەندىچىلىك قىلىپ، مۇناسىۋىتىڭلارنى كۈچەيتىڭلار. بىلىڭلاركى، بۇ يىل، بۇ ئاي، بۇ كۈندە ئاللاھتائالا مانا بۇ يەردە جۈمە نامىزىنى قىيامەتكىچە سىلەرگە پەرز قىلدى. مەن ھايات چاغدا ياكى مەن ئۆلگەندىن كېيىن كىمكى بۇ نامازنى كۆزگە ئىلماي ئىنكار قىلسا ياكى ئوقىمىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا راۋاج بەرمىسۇن، روناق تاپمىسۇن!

يېرىم خورما بېرىپ بولسىمۇ ئۆزىنى ئوتتىن قۇتقۇزۇشقا كۈچى يېتىدىغانلار بۇنى قىلسۇن. بۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدىغانلار ھاجەتمەنلەرگە ياخشى گەپ قىلىپ بولسىمۇ ئۆزىنى قۇتقۇزسۇن. چۈنكى بىر ياخشىلىققا 10 ھەسسىدىن 700 ھەسسىگىچە ساۋاب بېرىلىدۇ. ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى سىلەرگە بولسۇن!

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرىنچى خۇتبىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئىككىنچى خۇتبىسىدە مۇنداق دېدى:

- ھەمدۇ-سانا، مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز. نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە بارلىق ناچار ئىشلاردىن ئاللاھقا سېغىنىمىز. توغرا يولنى تاللىغان كىشىنى ئاللاھ ھىدايەت قىلىدۇ. خاتا يولنى تاللىغان كىشىنى ئاللاھ ئۇ يولدا قويۇپ بېرىدۇ.

گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بىردۇر. جۈپتى، شېرىكى ۋە ئوخشىشى يوقتۇر. سۆزلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانى كەرىمدۇر. ئاللاھ قەلبىنى قۇرئان بىلەن زىننەتلىگەن، كۇپۇردىن كېيىن ئىسلامغا كىرگەن، باشقا ھېچقانداق سۆزنى ئەمەس، قۇرئاننى تاللىغان كىشى قۇتۇلدى. ئاللاھ ياقتۇرغاننى ياقتۇرۇڭلار. ئاللاھنى پۈتۈن قەلبىڭلاردىن (چىن كۆڭلۈڭلاردىن) ياخشى كۆرۈڭلار. ئاللاھتىن لايىقىدا ھايا قىلىڭلار. قىلغان ياخشى ئىشىڭلارنى تىلىڭلاردا توغرىلاڭلار. بىر-بىرىڭلارنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەرھەمىتى بىلەن ياخشى كۆرۈڭلار. ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى سىلەرگە بولسۇن.

## 5) ئاي تۇغدى ئۈستىمىزگە

جۈمە نامىزىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. مەدىنە تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر كۈنگە سەھنە بولىۋاتاتتى. خەلق بايرام خۇشاللىقىدا قۇبادىن باشلاپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىنى توشقۇزغان ئىدى. ئاياللار شېئىر-قوشاق ئېيتىشاتتى. بالىلار: «رەسۇلۇللاھ كەلدى، ئەنە رەسۇلۇللاھ كەلدى!» دەپ چۇرقىرىشاتتى. كىچىك قىزلار داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىشاتتى. مەدىنە خەلقى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېلىشىگە خۇشال بولغاندەك باشقا ھېچقانداق ئىشقا بۇنچىلىك خۇشال بولمىغانتى.

سىز ئەگەر ئۇ يەردە بولغان بولسىڭىز، پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى خۇشاللىقىڭىزنى قانداق ئىپادىلەيتتىڭىز؟

.................................................................................

.................................................................................

ھەممە كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئۆيىدە مېھمان قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى: «رەسۇلۇللاھ، بىزنىڭ ئۆيگە كىرىڭ، بىزنىڭكىگە!» دېيىشىپ تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىشاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بولسا، ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن تۆگىسىنى ئەركىن قويۇۋەتتى:

- تۆگىنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىڭلار. توختاشقا تېگىشلىك يەردە ئۇ ئۆزى توختايدۇ. - دەپ ئۆزىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلغانلاردىن ئىجازەت سورىدى.

ئاخىرى تۆگە ھازىرقى مەسجىدى نەبەۋى جايلاشقان ئورۇندىكى بوش يەرگە كەلگەندە چۆكتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىدىن چۈشمىدى. تۆگە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر قانچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن كەينىگە قايتىپ دەسلەپتە چۆككەن يەرگە قايتا چۆكتى، ئورنىدىن تۇرمىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ:

- قېرىنداشلىرىمىزدىن كىمنىڭ ئۆيى بۇ يەرگە يېقىن؟ - دەپ ئەتراپىدىكىلەردىن سورىدى.

زەيد بىن خالىد (ئەييۇب ئەلئەنسارى):

- مېنىڭ ئۆيۈم يېقىن، ئەنە ئاۋۇ ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى، بىزنىڭ ئۆيگە مەرھەمەت قىلىڭ ئەي رەسۇلۇللاھ! - دەپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تەكلىپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خالىدنىڭ مېھمىنى بولدى. تاكى مەسجىدى نەبەۋى بىنا قىلىنىپ، مەسجىدنىڭ يېنىغا رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرى ئۈچۈن ھوجرا ئۆيلەر سېلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ ئۆيىدە يەتتە ئاي قالدى.

62

# 4. يېڭى ۋەتەن مەدىنىدىكى تۇرمۇش (622-يىلى)

مەدىنە مەككىنىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، ئۈچ تەرىپى تاغلار بىلەن قورشالغان، جەنۇب تەرىپى تۈزلەڭلىك ئىدى. ھاۋاسى گۈزەل، تۇپرىقى مۇنبەت، بۆك-باراقسان خورمىزارلىق بىلەن قاپلانغانىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە مەدىنىدە ئەۋس ۋە خەزرەج ئىسىملىك ئىككى ئەرەب قەبىلىسى بىلەن بەنى قەينۇقا، بەنى نەزىر ۋە بەنى قۇرەيزە ئىسىملىك ئۈچ يەھۇدى قەبىلىسى ياشايتتى. ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئارىسىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆچ-ئاداۋەت، دۈشمەنلىك بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كېلىپلا مەككىلىك مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىلىك ئەنسارلارنى ئۆزئارا قېرىنداش قىلدى. ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسىدىكىلەرمۇ ئىسلام قېرىنداشلىقى ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەتتىن نېسىۋىسىنى ئالدى. ئۇ ئىككى قەبىلە ئارىسىدىكى ئۆچ-ئاداۋەتنىڭ ئورنىغا دىنىي قېرىنداشلىق ۋە مېھرى-مۇھەببەت كەلدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسمىنى يازدۇرۇپ تىزىملاشنى تەلەپ قىلىۋىدى، بۇنىڭغا ئاساسەن نۇپۇس سانى ئېنىقلاپ چىقىلدى. مەككىلىك مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىلىك ئەنسارلارنىڭ جەمئى سانى 1500 كىشى چىقتى.

## 1) مەسجىدى نەبەۋىنىڭ بىنا قىلىنىشى

ھىجرەت پەيتىدە مەدىنىدە مەسجىد، جامە يوقتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەيەردە ناماز ۋاقتى كىرسە شۇ يەردە نامازغا ئىماملىق قىلاتتى. تۇنجى مەسجىد ھىجرەتنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە قۇبادا سېلىندى. پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە بارغاندا تۆگىسى چۆككەن بىر ئوچۇق يەرگە مەسجىد سالدى. بەنى نەجار جەمەتىدىكى ئىككى يېتىم بالىغا ئائىت بولغان بۇ بوش يەرنى بەنى نەجرانلىقلار ھەدىيە قىلىپ بېرىۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى قوبۇل قىلمىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى قىرىق گىرام ئەتراپىدا ئالتۇن بېرىش بەدىلىگە بۇ يەرنى سېتىۋالدى. مەسجىد قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ قۇرۇلۇشتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىر ئىشچىدەك ئىشلىدى. ئاياللار بىلەن باللار قۇرۇلۇشتا كېچىسى ئىشلەپ ياردەم قىلدى. بۇ مەسجىدنىڭ ئۇلى تاشتىن، تاملىرى خام كېسەك خىشتىن، تۈۋرۈكلىرى خورما ياغىچىدىن ياسالدى. ئۆگزىسى خورما شاخلىرى بىلەن يېپىلدى، تېگى بولسا توپا ئىدى. بۇ مەسجىدنىڭ ئۈچ ئىشىكى بار بولۇپ، ئاساسلىق دەرۋازىسى بولغان كىرىش ئىشىگى مېھرابنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقانىدى. مەسجىدنىڭ ئىككىنچى ئىشىگى بولسا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىگە ئېچىلاتتى. ئۈچىنچى ئىشىگى «رەھمەت ئىشىگى» دەپ ئاتىلاتتى.



## كۆز ياشلىرى ئىچىدە

ناماز ئوقۇشتىن ئەڭ كۆپ ھۇزۇرلىنىدىغان ۋە نامازنىڭ مەنىسىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىدى. ئۇ ناماز ئارقىلىق رەببىگە يېقىنلىشىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بىر ناماز ئاخىرلاشقاندا يەنە بىر ناماز ۋاقتىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇشنىمۇ بەك ياقتۇراتتى. كېچىسى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. لېكىن ئۇ نامازدا ئوقۇغان ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىپ، بۈيۈك مەنىۋى لەززەت ئالغانلىقى ئۈچۈن ۋاقىتنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالاتتى. بەزىدە قەلبىدىكى جۇشقۇن تۇيغۇلارغا پاراللېل ھالدا ئېقىپ چىققان كۆز ياشلىرى ئۇ سەجدە قىلغان يەرنى ھۆل قىلىۋېتەتتى. بىر قېتىم بىلال ھەبەشى مەسجىدكە كېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، ئاللاھتائالا سىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى بارلىق گۇناھلىرىڭىزنى ئەپۇ قىلغان، سىز ھازىر ھەم ھېچقانداق گۇناھ ئىش قىلمىغان تۇرۇقلۇق، نېمىشقا بۇنچىۋىلا كۆپ ناماز ئوقۇپ يىغلايسىز؟

- دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

- ئەي بىلال، مەن رەببىمگە شۈكۈر قىلىدىغان بىر بەندە بولمايمۇ؟ - دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى، «تەپسىر»، 48)

### 2) مەسجىدتە يېتىپ قوپۇپ ئىلىم ئۆگىنىدىغان كەمبەغەل ساھابىلەر: ئەسھابى سۇففە

مەسجىدنىڭ بىر تەرىپىگە ئەتراپى ئوچۇق، ئۈستى تەرىپى خورما شاخلىرى بىلەن يېپىلغان بىر سايىۋەنلىك، يەنى كەپە (سۇففە) سېلىندى. ئۆيى ۋە ئائىلىسى يوق كەمبەغەل مۇسۇلمانلار بۇ يەردە تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار «سۇففادا تۇرىدىغانلار» مەنىسىدە «ئەسھابى سۇففا» دەپ ئاتالغانتى. بۇلار ئىقتىسادى جەھەتتە ئىنتايىن كەمبەغەل ئىدى. ئىشى بولسا قىلاتتى. ئىشى يوق چاغلاردا قۇرئان بىلەن دىنىي دەرسلەر ئۆگىنەتتى ۋە كۆپ ئىبادەت قىلاتتى. بۇ يەر ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى مائارىپ مەكتىپى بولدى. بۇ مەكتەپنىڭ سىنىپى مەسجىد، ئوقۇغۇچىلىرى كەمبەغەل ساھابىلەر، ياتىقى سۇففا، مۇئەللىمى بولسا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىدى. مەدىنىنىڭ سىرتىدا يېڭى مۇسۇلمان بولغان بىرەر جامائەتكە ئىسلامنى ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇئەللىم ئەۋەتىش كېرەك بولغاندا، مۇشۇ سۇففەدە تۇرىدىغان ساھابىلەر ئەۋەتىلەتتى. سۇففادا تۇرىدىغانلارنىڭ سانى ئەڭ ئاز بولغاندا 70 كىشى، ئەڭ كۆپ بولغاندا 400 كىشى ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماددى ئېھتىياجىنى باي ساھابىلەر قامدايتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر كۈنى كەچتە ئەسھابى سۇففادىن بىر قىسمىنى ئۆيىگە تاماققا چاقىراتتى. يەنە بىر قىسمىنى ساھابىلەر ئۆيىگە تەكلىپ قىلاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئېلىپ كېلىنگەن سەدىقىلەرنى پۈتۈنلەي مۇشۇ ئەسھابى سۇففاغا بېرەتتى. كەلگەن ھەدىيەلەرنىڭ بىر قىسمىنىمۇ بۇلارغا بېرەتتى.

### 3) تۇنجى ئەزان

مەسجىدى نەبەۋىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن ناماز ۋاقىتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرۈلۈش ئېھتىياجى ئوتتۇرىغا چىقتى. چۈنكى نامازغا بالدۇر كەلگەنلەر ناماز ۋاقتىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ بەزى ئىشلىرىنى قىلالماي قالاتتى. نامازغا كېچىكىپ

كەلگەنلەر بولسا جامائەتكە يېتىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېنىق ۋەھيى كەلمىگەن ئىشلاردا ساھابىلەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلايتتى. بۇ ھەقتە ساھابىلەر بىلەن كېڭەشكەندە ناماز ۋاقتىنى جامائەتكە بىلدۈرۈش ئۈچۈن «قوڭغىراق ياكى سۇناي چېلىش، ئوت يېقىش، ئېگىز بىر يەرگە بايراق چىقىرىش» قاتارلىق ئۇسۇللارنى تەكلىپ قىلغانلار بولدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قوڭغىراق چېلىش خرىستىئانلارنىڭ ئىشى؛ سۇناي چېلىش يەھۇدىيلارنىڭ ئادىتى؛ ئوت يېقىش مەجۇسىيلەرنىڭ (ئاتەشپەرەستلەرنىڭ) ئىشى» دەپ بۇ تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلمىدى. بايراق چىقىرىش تەكلىپىمۇ رەت قىلىندى. مەسلىھەت كېڭىشى بىرەر قارارغا كېلەلمەي ئاخىرلاشتى. مەدىنىلىك ئەنسارلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد چۈشىدە قولىدا قوڭغۇراق تۇتقان بىر ئادەمنى كۆردى. ناماز ۋاقتىنى جامائەتكە ئېلان قىلىش ئۈچۈن بۇ قوڭغىراقنى سېتىۋالماقچى بولدى. بىراق چۈشىدىكى ئادەم ئۇنىڭغا:

– مەن ساڭا بۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى بولغىنىنى ئۆگىتىپ قوياي. – دەپ ئەزاندا ئوقۇيدىغان جۈملىلەرنى دەپ بەردى.

ئابدۇللاھ ئويغىنىپلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– ئىنشائاللاھ، راست چۈش كۆرۈپسەن. بىلالنىڭ ئاۋازى سېنىڭكىدىن ياڭراق. چۈشۈڭدە كۆرگەنلىرىڭنى بىلالغا ئۆگەتكىن، ناماز ۋاقتىدا ئەزاننى بىلال ئوقۇسۇن. – دېدى.

بىلال ھەبەشى ياڭراق ۋە ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقىغان ئەزان مەدىنىنىڭ ھەر تەرىپىگە ئاڭلاندى. بۇ ئەزاننى ئاڭلىغانلارنىڭ قەلبى تەرىپلىگۈسىز بىر مەنىۋى ھاياجانغا چۆمدى. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدكە ئوخشاش چۈش كۆرگەن ئىدى. ئەمما بۇ چۈشنى ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ھەزرىتى ئۆمەردىن بالدۇر پەيغەمبىرىمىزگە خەۋەر قىلدى. كېيىنچە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقىغاندا «ئەسسالاتۇ خەيرۇن مىنەننەۋم» (ناماز ئۇيقىدىن ياخشىدۇر) دېگەن جۈملىنى قوشۇپ ئوقۇيدىغان بولدى.

ئەگەر سىز ئەزاننى تۇنجى قېتىم بىلال ھەبەشىدىن ئاڭلىغان بولسىڭىز، نېمىلەرنى ھېس قىلاردىڭىز؟

..........................................................................

..........................................................................

## 4) تەڭداشسىز قېرىنداشلىق

مەككىلىك مۇسۇلمانلار دىن ئۈچۈن پۈتكۈل مال-دۇنياسىنى مەككىدە تاشلاپ قويۇپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار بولسا ئۆزىنىڭ نەپسىدىن كېچىپ ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجىنى قامداشقا تىرىشتى. لېكىن مۇھاجىرلار: «ئەنسار قېرىنداشلىرىمىزغا يۈك بولدۇق، كاشكى ئۆزىمىزنىڭ كىرىمىمىز بولغان بولسا...» دەپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇھاجىرلارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىش ۋە ئەنسارلار بىلەن بولغان دوستلۇق رىشتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنى بىر يەرگە چاقىردى. ئۇلارنى ئۆزئارا قېرىنداش قىلدى. ئەنسارلار مۇھاجىر قېرىنداشلىرىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ باردى. مال-دۇنياسىغا شېرىك قىلدى. ئەنسارلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ، خورمىزارلىقىمىزنى مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىزگە سەن ئۈلەشتۈرۈپ بەرگىن. - دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ياق، بولمايدۇ. مۈلۈك ھوقۇقى سىلەرگە ئائىت. سىلەر پەقەت ئۇ خورمىلىقتا مۇھاجىر قېرىنداشلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپ، ئالغان ھوسۇلنى ئۆزئارا ئۈلۈشسەڭلار بولىدۇ. - دېدى.

ئەنسارلاردىن سەئىد بىن رەبى مۇھاجىرلاردىن ئابدۇراھمان بىن ئەۋفقا مۇنداق دېدى:

- مەن ئەنسارلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ باي ھېسابلىنىمەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىككىمىزنى قېرىنداش قىلدى. مېلىمنىڭ يېرىمى سېنىڭكى. خالىغانچە ئالغىن! - دېدى.

ئابدۇراھمان بىن ئەۋف ئۇنىڭغا:

- ئاللاھ مېلىڭنى تېخىمۇ بەرىكەتلىك قىلىپ بەرسۇن. مېنىڭ ئۇنىڭغا ئېھتىياجىم يوق. سەن ماڭا تىجارەت قىلىدىغان بازارنى كۆرسىتىپ قويساڭلا كۇپايە. - دېدى.

ئابدۇراھمان بىن ئەۋف تىجارەت قىلىشنى باشلاپ قىسقا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن باي بولدى. مۇھاجىرلارنىڭ كۆپىنچىسى تىجارەت ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامداشقا باشلىدى.

سىزگە ئەگەر مۇشۇنداق بىر تەكلىپ كەلسە، قانداق قىلاردىڭىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

..........................................................................................

..........................................................................................

## خالىغىنىڭنى تاللىۋال قېرىندىشىم

مۇھاجىرلار ئۆيلىرىنى، باغلىرىنى، مال-بىساتلىرىنى، قىسقىسى بارلىق نەرسىلىرىنى مەككىدە تاشلاپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ئىدى. لېكىن مەدىنىلىك ئەنسارلار شۇنداق بىر قېرىنداشلىق ئۈلگىسىنى كۆرسەتتىكى، ئۇلار ئۆيلىرىنى، مال-بىساتلىرىنى، باغلىرىنى، ھوسۇللىرىنى ھەممىنى مۇھاجىرلار بىلەن تەڭ بۆلۈشتى.

مەدىنىلىكلەر خورمىلىق بېغىنىڭ يېرىمىنى مەككىلىك قېرىنداشلىرىغا بەردى. باغدا مۇھاجىرلار بىلەن بىللە ئىشلىدى. ھوسۇل يىغىش مەزگىلى كېلىپ، خورمىلار توپلانغان چاغدا بارلىق خورمىسىنى ئىككى دۆۋە قىلىپ دۆۋىلەپ بىرىنى مەككىلىك مۇھاجىر قېرىندىشىغا ئايرىيتتى. ھەتتا مەككىلىك قېرىندىشىغا كۆپرەك بېرىش ئۈچۈن ئىككى دۆۋە قىلىپ دۆۋىلەنگەن خورمىلارنىڭ بىرىگە ئازىراق، بىرىگە كۆپرەك خورما قويۇپ، ئاز كۆرۈنگەن خورما دۆۋىسىنىڭ ئاستىغا خورما شاخلىرىنى يۇشۇرۇپ، ئۇنى كۆپرەك كۆرسىتىپ، بۇنى مەن ئالاي دەيتتى. ئاندىن مۇھاجىر قېرىندىشىغا: «ئال قېرىندىشىم، خالىغانچە ئالغىن!» دەيتتى. مۇھاجىر: «كۆپ كۆرۈنگەننى ئەنسار قېرىندىشىم ئالسۇن» دەپ، ئاز كۆرۈنگەن خورما دۆۋىسىنى تاللايتتى. لېكىن ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا كۆپ خورمىنى ئېلىپ سالاتتى. ئىسلامدىكى قەلب قېرىنداشلىقى ئۇلارنى مەرتىلىكنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقارغانتى.

مۇھاجىرلار ئىشلەپ تىجارەت قىلىپ دەسلەپكى قىيىن كۈنلەردىن قۇتۇلدى. بەدرى ئۇرۇشىدىن كېيىن غەنىيمەتلەردىن بىرەر ئۈلۈش ئالغاندىن كېيىن، ئەنسارلارنىڭ ماددىي ياردىمىغا ئېھتىياجى قالمىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىلىك مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىلىك ئەنسارلارنى ئۆزئارا قېرىنداش ئېلان قىلىپ بىر-بىرىگە مەھكەم باغلىغاندىن كېيىن، مەدىنىنى سىرتقى دۈشمەنلەرگە قارشى ئورتاق مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، مۇھاجىرلار، ئەنسارلار ۋە مەدىنىدىكى يەھۇدىلار ئارىسىدا يازما شەكىلدە بىر «پۇخرالىق كېلىشىمى»نى ئوتتۇرىغا قويدى.

### 5) مۇشرىكلارنىڭ تۈگىمەس ئاداۋىتى

يەنە بىر تەرەپتىن مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ دۈشمەنلىكى تۈگىمىدى. مەدىنىدىكى ئەرەبلەرنى مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈشكۈرتىشنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى. مەككىلىك مۇشرىكلار مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارغا: «سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتۇڭلاردا ياششىغا رۇخسەت قىلدىڭلار. ئۇنى ئۆلتۈرمىسەڭلار ياكى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرمىسەڭلار، بىز سىلەرنى قاتتىق جازالايمىز. ئەگەر ئۇنى مەدىنىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمىسەڭلار، ھەممىڭلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مەدىنىگە قوشۇن ئەۋەتىمىز. ئاياللىرىڭلار ۋە باللىرىڭلارنى ئەسىر ئالىمىز» دەپ تەھدىت سالدى. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىنى مۇداپىئە قىلىدىغان بارلىق چارە-ئاماللارنى ئىشلەتتى. مەدىنىدىكى يەھۇدىلار ۋە مەدىنە ئەتراپىدىكى مۇشرىك ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئەتراپقا ئاز مىقداردا قوشۇن ئەۋەتىپ دۈشمەننىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇردى. مەككىلىكلەرنىڭ شام تىجارەت يولىنى ئەتتى. مۇشرىكلارنىڭ كېچىسى ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، كېچىسى مەدىنە كوچىلىرىدا مۇسۇلمانلار نۆۋەت بىلەن پوستا تۇردى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا قارشى دەرۋازىسىدا

نۆۋەتچى قاراۋۇل قويغان چاغدىلا خاتىرجەم ئۇخلىيالىدى.

### 6) ئۇرۇشقا رۇخسەت بېرىلدى (623 ـ 624 ـ يىللار)

ئىسلام تىنچلىق دىنىدۇر. ئىسلامدىكى ئۇرۇش پەقەت زۇلۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ناھەقچىلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ. مۆمىنلەر مەككىدە 13 يىل ياشىغان جەرياندا مۇشرىكلارنىڭ سان ـ ساناقسىز ئېغىر زۇلمى، قىيىن ـ قىستاقلىرى ۋە ناھەقچىلىقىغا چىداپ سەۋرى قىلغانىدى. ئىسلامنى گۈزەل ئۇسلۇپتا كىشىلەرگە تەۋسىيە قىلىشقا تىرىشقانىدى. چۈنكى ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بېرىلمىگەنىدى. دېمىسىمۇ ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلارغا قارشى تۇرغۇدەك كۈچى يوقتى.

ھىجرەتتىن كېيىن مۇسۇلمانلار نوپۇس جەھەتتىن كۆپەيدى، ئىقتىسادى جەھەتتىن كۈچلەندى ـ دە، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلالىغۇدەك مادارغا كەلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سەۋرى ـ تاقىتى مۇشرىكلارنىڭ ئازغۇنلۇقى ۋە زۇلمىنى زىيادىلەشتۈرگەن ئىدى. ئاخىرى ئۇشبۇ ئايەت نازىل بولدى:

«ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. ئۇلار پەقەت پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن (مەككىدىن) ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلغانىدى...» (ھەج سۈرىسى 39 ـ 40 ـ ئايەتلەر) شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلارغا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا ئىجازەت بېرىلدى.



# 5. بەدر ئۇرۇشى (624-يىلى)

### 1) تۆگىمىگەن دۈشمەنلىك

مەككىلىك مۇشرىكلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆلتۈرۈش ۋە مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇرۇشنىڭ چىقىملىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەبۇ سوفيانىنىڭ رەھبەرلىكىدە چوڭ بىر تىجارەت كارۋىنىنى مەدىنىگە يېقىن بىر يەردىن شامغا ئەۋەتتى. مەككىلىك مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدىغان چاغدا مەككىدە قالدۇرۇپ قويغان قىممەتلىك مال-بىساتلار بۇ كارۋاندا توپلانغان ئىدى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئەمدىلىكتە ئۇنى كارۋانغا يۈكلەپ ساتماقچى بولىۋاتاتتى. ساتقان مالنىڭ پۇلى بىلەن مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلاتتى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە قىلىنغان تەييارلىقلاردىن خەۋەردار بولدى. رەسۇلۇللاھ شامدىن قايتىۋاتقان مۇشرىكلار كارۋىنىنىڭ ماللىرىنى سېتىپ بولغانلىقىنى ئۇقتى. بۇ كارۋاننى قولغا ئېلىش ئۈچۈن رامىزاننىڭ 12-كۈنى ئابدۇللاھ بىن ئۇممى مەكتۇمنى مەدىنىگە مەسئۇل ئىمام قىلىپ قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى 313 كىشى بىلەن يولغا



چىقتى. يولدا سەككىز كىشى ئۆزۈر ـ باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ئارقىغا قايتىشقا رۇخسەت سورىدى. 64 نەپەر مۇھاجىر، قالغىنى ئەنسار بولۇپ جەمئىي 305 كىشى قالدى. بۇ كىشىلەرنىڭ قىلىچى، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىسى، ئات ـ ئۇلغى يوقتى. شۇڭا تۆگىلەرگە نۆۋەتلىشىپ مىنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەبۇ سوفيان قايتىشتا مۇسۇلمانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش ئېھتىمالىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەككىگە خەۋەرچى ئەۋەتىپ، قوغدىنىش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلغانىدى. ئايلاردىن بويان ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىۋاتقان مەككىلىك مۇشرىكلار كارۋاننى قۇتقۇزۇش ۋە مۇسۇلمانلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئەبۇ جەھىلنىڭ قوماندانلىقىدا مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى. ئەبۇ لەھەبتىن باشقا مەككە كاتتىۋاشلىرىنىڭ ھەممىسى قوشۇلغان بۇ كارۋاندا 200 ئاتلىق، 700 تۆگىلىك، 100 پىيادە ئەسكەر بار ئىدى.

مۇشرىكلارنىڭ زور بىر قوشۇن بىلەن يولغا چىقىپ كارۋاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەدىنىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مۇشرىكلار مەككىدىن يولغا چىقىپ بىزگە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. سىلەرچە كارۋاننىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭايلىمۇ؟ ياكى مۇشرىكلارنىڭ قوشۇنىنى كۈتىۋالايلىمۇ؟ ـ دەپ ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

سىزنىڭچە، مەسلىھەتلىشىش، كېڭىشىش مۇھىممۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

..........................................................................................

..........................................................................................

مەدىنىدىن يولغا چىقىدىغان چاغدا ئۇلار كارۋاننى كۆزلەپ چىققان بولغاچقا، كۆپىنچە كىشى كارۋاننى قوغلاشنى خالايتتى. ساھابىلەردىن بەزىلەرنىڭ مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايۋاتقانلىقى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆڭلىنى بىر ئاز يېرىم قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولغانلىقىنى كۆرگەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇشرىكلار قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مەدىنىلىك ئەنسارلارنىڭ پىكرىنى سورىدى. مەدىنىلىك تۇنجى مۇسۇلمانلاردىن مىقدادنىڭ ئوغلى ئەسۋەد مۇھاجىرلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى:

يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «سەن ۋە رەببىڭ بېرىپ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلغىلار، بىز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرايلى» دېيىشكەن. بىز ساڭا ھەرگىز بۇنداق دېمەيمىز ئەي رەسۇلۇللاھ. بىز سېنىڭ ئوڭ تەرىپىڭدە، سول تەرىپىڭدە، ئالدىڭدا، كەينىڭدە دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز. ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ نېمىنى بۇيرىسا جان ـ دىل بىلەن ئىتائەت قىلىمىز. سەن نەگە دېسەڭ شۇ يەرگە بارىمىز. ـ دېدى.

ئەنسارلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلغان سەئد بىن مۇئاز مۇنداق دېدى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ، سەن نېمىنى خالىساڭ، شۇنى قىل. سېنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، سەن بىزگە دېڭىزنى كۆرسىتىپ، سۇغا كىرسەڭ بىزمۇ ئارقاڭدىن كىرىمىز. ھېچقايسىمىز ئارقىغا قايتمايمىز. بىز دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى، ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق قىلىشنى بىلىمىز. ئاللاھقا



تەۋەككۇل قىلىپ دۈشمەن قوشۇنىغا قارشى يۈرۈش قىلايلى!

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇلارنى ئاڭلاپ ئىنتايىن مەمنۇن بولدى.

— ئۇنداقتا ماڭايلى! ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بىلەن يولغا چىقايلى. سىلەرگە خۇشخەۋەر بېرىمەنكى، ئاللاھ بىزگە كارۋاننى قولىمىزغا بېرىش ياكى مۇشرىكلارنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىشتىن بىرىنى بېرىشنى ۋەدە قىلدى. غەلىبە قىلىدىغانلىقىمىز ئېنىق. مەن ھازىر قۇرەيشنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلگەن مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك بولىۋاتىمەن. — دېگەندىن كېيىن بەدرىگە قاراپ يولغا چىقتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بىر مىل ئۇزاقلىقتىكى بۇيۇتۇسسۇكيە دېگەن يەردە مۇجاھىدلارنى تەپتىش قىلىش ئۈچۈن توختاتتى. يېشى كىچىكلەرنى ئۆيگە قايتىپ كېتىشكە بۇيرىدى. سەئىد بىن ئەبى ۋەققاس بۇ ۋەقەنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېشى كىچىك جەڭچىلەرنى بىر بىرلەپ تاللاپ ئۆيگە قايتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇكام ئۇمەير ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان ياش يىگىتلەر ئارىسىدا ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆزىنى ئۆيۈڭگە قايتىپ كەتكىن دېيىشىنى پەملەپ غىپپىدە سۇغۇرۇلۇپ، يېشى چوڭ ساھابىلارنىڭ سېپىگە كىرىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، سورىدىم:

— ئۇكام، نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟

— رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مېنى كىچىك كۆرۈپ قايتۇرىۋېتىشىدىن ئەنسىرىدىم. ھالبۇكى، مەن بۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىمەنكى، ئاللاھنىڭ ماڭا شېھىتلىك نېسىپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. — دېدى.

ئەگەر سىز ئۇ پەيتتە ئۇمەيرنىڭ يېنىدا بولغان بولسىڭىز، ئۇنىڭغا نېمە دەيتتىڭىز؟

........................................................................

........................................................................

ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇمەيرنىڭ يېشىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— سەن ئۆيۈڭگە قايتىپ كەتكىن. — دېدى.

ئۇمەير بۇنى ئاڭلاپ يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ جەڭگە قاتنىشىش ئۈچۈن بۇنچىلىك چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا قېلىشقا رۇخسەت قىلدى. ئۇكامنىڭ يېشى كىچىك ۋە تەجرىبىسى يوق بولغاچقا، ئۇنىڭغا قىلىچىنى مەن ئېسىپ باغلاپ قويغانىتىم. ئۇمەير بەدرىدە شېھىت بولغاندا 16 ياشقا كىرگەن ئىدى. (ۋاقىدى، 1 ـ جىلد، 21)

مەدىنىدىن تۆگىگە مىنىپ يولغا چىققاندا بەدرىگە ئۈچ كۈندە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. مەككە بىلەن بەدرىنىڭ ئارىلىقى بولسا 10 كۈنلۈك يول ئىدى. ھەر يىلى بۇ يەردە سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلەتتى. سۈرىيەگە بارىدىغان كارۋانلارمۇ بۇ يەردىن ئۆتەتتى. مۇشرىكلار قوشۇنى بۇ يەرگە مۇسۇلمانلاردىن بالدۇر كېلىپ سۇ بار يەرنى ئىگىلەپ بولغانىدى. ئەسكەرلىرىگە بەك ئىشەنچ قىلىدىغان ئەبۇ جەھىل چوقۇم ئۇرۇش قىلىپ پۇخادىن چىقىش كويىدا ئىدى.

## 2) ئۇرۇشقا قەدەممۇ ـ قەدەم يېقىنلىشىش

624 ـ يىلى رامىزاننىڭ ئون يەتتىسى جۈمە كۈنى سەھەردە مۇسۇلمانلار قوشۇنى بىلەن مۇشرىكلار قوشۇنى بەدرىدە ئۇچراشتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ئۇرۇش باشقىچە ئىدى. ئەرەبلەر بۇرۇندىن باشلاپ دائىم ئۆز قەبىلىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقا قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇشاتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بولسا دىن ئۈچۈن بىر قەبىلىدىكى ئادەملەر، يەنى قۇرەيش

قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى بىر-بىرى بىلەن ئۆز ئارا ئۇرۇشماقچى بولىۋاتاتتى. بەزىلەرنىڭ بىر تۇققىنى، بەزىلەرنىڭ تاغىسى، جىيەنى دۈشمەن سېپىدە ئىدى. ھەتتا بەزىلەرنىڭ دادىسى، بەزىلەرنىڭ ئۆز ئوغلى دۈشمەن قوشۇنى سېپىدە تۇرۇپ، رەقىبىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىچىنى يالىڭاچلاپ تۇراتتى.

مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ بايراقدارى مۇسئەب بىن ئۇمەيرنىڭ ئاكىسى ئەبۇ ئەزىز بولسا مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ بايراقدارى ئىدى. مۇشرىك كاتتىۋاش ئۇتبە بىن رابىئەنىڭ چوڭ ئوغلى ۋەلىد ئۆزىنىڭ يېنىدا، ئىككىنچى ئوغلى ئەبۇ ھۇزەيفە بولسا مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ بىر ئوغلى ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ يېنىدا، يەنە بىر ئوغلى ئابدۇراھمان بولسا مۇشرىكلارنىڭ سېپىدە ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىلىرىدىن ھەزرىتى ھەمزە ئۇنىڭ يېنىدا، يەنە بىر تاغىسى ئابباس بولسا دۈشمەن سېپىدە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر ئۆمۈر ھىمايە قىلغان تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ بىر ئوغلى ئاقىل (ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئۇكىسى) بولسا مۇشرىكلار تەرىپىدە ئىدى.

دۈشمەن قوشۇنى سانى، قورال-ياراق، تەجرىبە ۋە ماددى كۈچ جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار جايلاشقان ئورۇنمۇ ئۇرۇش ئۈچۈن ئەپلىك ئىدى. لېكىن سەھەردە ياغقان يامغۇر يۇمشاق قۇملۇق يەرنى بىر ئاز قاتتىقلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلارنىڭ سۇ ئېھتىياجىنى قامدىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ غەم-ئەندىشىسى بىر ئاز بولسىمۇ ئازىيىپ ئاللاھنىڭ ياردىمىغا چەكسىز ئىشەنچ قىلىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھايات-ماماتلىق كۈرەش ھېسابلانغان بۇ ئۇرۇشتا ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۈستۈنلۈكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار توختىماستىن ئاللاھتىن ياردەم تىلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ ئاللاھقا دۇئا قىلدى. دەرۋەقە، ھەزرىتى ئەلى (كەررەمۇللاھۇ ۋەجھەھ) پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«ئېنىق كۆردۈمكى، بەدىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن باشقا ھەممەيلەن ئۇيقۇغا غەرق بولغانتى. لېكىن رەسۇلۇللاھ

پەيغەمبىرىمىز ئۇ كېچە نېمە ئۈچۈن دۇئا قىلغان بولۇشى مۇمكىن؟

....................................................................................................

....................................................................................................

ئەلەيھىسسالام كېچىسى پەقەت ئۇخلىماي بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا ناماز ئوقۇپ يىغلىدى.

تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، نامازغا كېلىڭلار!» دەپ توۋلاپ ساھابىلەرنى ئويغىتىپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى جىھادقا سەپەرۋەر قىلدى.

## 3) ئۇرۇش باشلاندى

قۇرەيشلىكلەر مۇسۇلمانلارغا قەدەممۇ-قەدەم يېقىنلىشىۋاتاتتى. بۇ مەنزىرە قورقۇنچلۇق ئىدى. ئازغىنا مۇسۇلمانلار تولۇق قوراللانغان مۇشرىكلارنىڭ ئالدىغا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ئۇرۇشقا چىقىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن بىللە ئۆزىگە تەييارلانغان سايىۋەن چېدىر ئىچىگە كىردى. قولىنى كۆتۈرۈپ مۇناجات دۇئا قىلدى:

- ئەي رەببىم! مەككىلىك مۇشرىكلار سېنىڭ دىنىڭنى يوقىتىش ئۈچۈن غورۇرى ۋە كۈچى بىلەن كەلدى. ساڭا قارشى دۈشمەنلىككە چىقتى. سېنىڭ پەيغەمبىرىڭنى يالغانچى دېدى. ئەي رەببىم، پەيغەمبىرىڭگە ياردەم قىلىدىغانلىقىڭنى بىلدۈرگەنتىڭ. ماڭا غەلىبە نېسىپ قىلىشقا ۋەدە قىلغانتىڭ، بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەرگىن! ئەگەر شۇ ئازغىنا مۆمىن ئۇرۇشتا ھالاك بولسا، بۈگۈندىن كېيىن زېمىندا ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان، بەندىچىلىك قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا شۇنچىلىك ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىپ قولىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېچىپ ئاللاھتىن غەلىبە تىلەپ يالۋۇرۇپ تۇردىكى، ئۈستىدىكى تونىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ تونىنى يەردىن ئېلىپ ئۈستىگە يېپىپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، سېنىڭ دۇئالىرىڭ ئەرشنى تىترەتتى. ئەمدى يېتەر. ئاللاھ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. - دېدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار ھاياجانلىنىپ يىغلاشتى. ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئانى-كەرىم قەمەر سۈرىسىدىكى 45-ئايەت: «(مۇشرىكلار) توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقىغاچ چېدىردىن چىقتى. ئاللاھتائالا مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقى، غەلىبىنىڭ مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقى ھەققىدە خوشخەۋەر بەرگەنىدى.

مۇشرىكلار ھۇجۇم باشلىدى. بىر تۇققان قېرىندىشى ئۆلتۈرۈلگەن ئەمىر بىن ھادرامى، باتنى نەھلىگە قارىتىپ ئاتقان ئوق جايىغا تەگمەي، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئازادگەردىسى (ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى) مىھجاغا تەگدى، مىھجا شېھىت بولدى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ھەر ئىككى تەرەپتىن بىرەر كىشى مەيدانغا چۈشۈپ يەكمۇ-يەك ئېلىشىپ ئۆزىنىڭ سىپىدىكىلەرنى قىزىتىش ئادىتى بار ئىدى. قۇرەيش كاتتىلىرىدىن ئۇتبە بىن رابىئە بىر تۇققىنى شەيبە ۋە ئوغلى ۋەلىد بىلەن بىللە مەيدانغا چۈشۈپ، مۇسۇلمانلارغا: «بىز بىلەن ئېلىشالىغۇدەك ئەر بارمۇ؟» دەپ جەڭ ئېلان قىلدى. بۇلارغا قارشى رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇبەيدە، ھەمزە ۋە ئەلى ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەمزە شەيبەنى، ئەلى ۋەلىدنى بىر قىلىچ بىلەنلا ئۆلتۈردى، ئاندىن ئۇلار يارىلانغان ئۇبەيدىگە ياردەملىشىپ ئۇتبەنى جەھەننەمگە ئۇزاتتى.

## 4) ئاللاھقا ئىشەنچ قىلغۇچىلارنىڭ غەلىبىسى

جەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. مۇشرىكلار «ھۇررا!!!» دەپ ئېتىلىپ كەلدى. مۇسۇلمانلار قەھرىمانلىق بىلەن مۇداپىئەدە تۇردى. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن مۇشرىكلار قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. مۇشرىكلار ئۇرۇش مەيدانىدا يەتمىش جەسەت، يەتمىش ئەسىرنى تاشلاپ قويۇپ ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. ئىلگىرى مۇسۇلمانلارغا ئەڭ قاتتىق زۇلۇم سالغان، مۇشرىك كاتتىۋاشلاردىن يىگىرمە تۆت نەپىرى ئۆلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇشرىكلارنىڭ قوماندانى ئەبۇ جەھىلمۇ بار ئىدى. مۇسۇلمانلاردىن ئون تۆت كىشى شېھىت بولدى. مۇھاجىرلاردىن ئالتە كىشى، ئەنسارلاردىن سەككىز كىشى پەرىشتىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا جەننەتكە ئۇچتى.

بەدىر غەلىبىسى مەدىنىدە بايرام شاتلىقىغا سەۋەب بولدى. مەككىدە بولسا ماتەم بولدى. ئەبۇ لەھەب ئاچچىقىغا چىدىماي بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆلدى. لېكىن مۇشرىكلار مۇسۇلمانلار خوش بولۇپ كەتمىسۇن دەپ قارىلىق تۇتمىدى. غەلىبىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىردە يەنە ئۈچ كۈن قالدى. شېھىتلەر دەپنە قىلىندى. ئۇرۇش مەيدانىدا ئىگىسى يوق تاشلاپ قويۇلغان مۇشرىكلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئۆرەك كولاپ كۆمدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىردىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇ ئۆرەك يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى جەسەتلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ:

- ئەي پالانچى كىشىنىڭ ئوغلى پۇستانى، بىز رەببىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان غەلىبىنى ھەقىقەتەن كۆردۇق. سىلەرمۇ رەببىڭلار سىلەرگە ۋەدە قىلغان ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھەقىقەتلەرنى كۆردۈڭلارمۇ؟ - دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، روھى يوق جەسەتلەرگە گەپ قىلىۋاتامسەن؟ - دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا:

- ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇلار ھازىر مېنىڭ سۆزۈمنى سىلەردىنمۇ ياخشى ئاڭلايدۇ. - دېدى.

### ھەتتا دۈشمەنلىرىگىمۇ مېھرى-شەپقەت قىلىش

ئىسلامدىكى قەلبىي قېرىنداشلىقنىڭ ئۈلىنى بۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەرپا قىلغان. پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن شۇنداق بىر مۇكەممەل ئۈرنەك ئىنسان ئىدىكى، مۇسۇلمانلار ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ۋاقىت جان پىدا قىلىشقا تەييار ئىدى. دۈشمەنلىرى بولسا ئۇنىڭغا ھەيران قالاتتى. مەسىلەن: بەدىردىكى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى مۇسۇلمانلار جايلاشقان يەردىكى سۇدىن ئون بەش مۇشرىك «سۇ ئىچىشكە رۇخسەت بەرسەڭلار» دەپ سۇ تەلەپ قىلدى. ساھابىلەردىن بەزىلىرى بىر كۈن كېيىن ئۇرۇشىدىغان بۇ مۇشرىكلارغا سۇ بېرىشنى خالىمىدى. لېكىن پەيغەمبىرىمىز ئۆزىگە ئۇرۇش ئاچقىلى كەلگەن دۈشمەنلىرىگىمۇ مېھرى-شەپقەت قىلىپ، ئۇلارغا سۇ بەردى.

## 5) بەدرىدە ئەسىرگە چۈشكەن مۇشرىكلار

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدىردىن قايتقاندا مۇشرىكلار قوشۇنىدىن قالغان قىممەتلىك نەرسىلەر، ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق غەنىيمەتلەرنى غازىلارغا تەڭ ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى قوشۇندىن ئايرىلغان سەككىز كىشىگىمۇ غەنىيمەتتىن ئۈلۈش بەردى. مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەسىرلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. فىدىيە تۆلىگەن ئەسىرلەر دەرھال قويۇۋېتىلدى. فىدىيە تۆلىيەلمىگەن، ئەمما ساۋاتلىق بولغان ئەسىرلەردىن ھەر بىرى مەدىنىلىك ئون بالىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش بەدىلىگە ئازاد قىلىندى. فىدىيە بەرگۈدەك پۇل-مېلى يوق، ساۋادىمۇ يوق ئەسىرلەر ئاخىرىدا قويۇۋېتىلدى. بۇ ۋەقە دىنىمىزنىڭ ئىلىمگە، ئوقۇش-يېزىشنى ئۆگىنىشكە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى ۋەقە تېخىمۇ ئىبرەتلىك. مۇسئەب بىن ئۇمەيرنىڭ ئۆكىسى ئەبۇ ئەزىز مۇنداق دەيدۇ:

«بەدىر ئۇرۇشىدا مەنمۇ ئەسىرگە چۈشۈپ، ئەنسارلاردىن بىر جامائەتكە تاپشۇرۇلدۇم. رەسۇلۇللاھ: «ئەسىرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» دېگەنىتى. ماڭا قاراۋاتقان ئەنسارلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەتىگەن ئاخشىمى ئۆزىنىڭ نېنىنى ماڭا ئەكىلىپ بەردى. ئۆزلىرى پەقەتلا ئازىراق خورما يېدى. مەن بۇنىڭدىن بەك خىجىلچىلىق ھېس قىلىپ، ناننى ئۇلاردىن باشقا بىرىگە قايتۇرۇپ بەردىم. ئۇ ناننى يېمەي ماڭا قايتۇرۇپ بەردى. (ھەيسەمى، 6-جىلد، 86؛ ئىبنى ھىشام، 2-جىلد، 288)

ساھابىلەرنىڭ ئەسىرلەرگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟

..........................................................................

..........................................................................

# سوئاللار

## قانچىلىك ئۆگەندىم؟

1. خەدىچە بىلەن ئەبۇ تالىب ۋاپات بولغان يىل نېمە يىلى دەپ ئاتالدى؟

2. تائىف خەلقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتتى؟

3. رەسۇلۇللاھنىڭ ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولغان مۇشرىكلار قانداق چارە-ئاماللارنى قوللاندى؟

4. بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار قايسى ئىشلاردا پەيغەمبىرىمىزگە ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە قىلدى؟

5. قۇرئان-كەرىمدىكى قايسى سۈرىدە ئىسرا ۋە مېراج مۆجىزىسى تىلغا ئېلىنغان؟.

6. ھەزرىتى ئۆمەر ھىجرەت ئۈچۈن يولغا چىققاندا قانداق ھالەتتە ماڭدى؟

7. مەككىلىك مۇشرىكلاردىن قېچىپ سەۋر غارىغا يوشۇرۇنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرىنى ئاللاھتائالا قانداق مۇھاپىزەت قىلدى؟

8. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدىنىدە كۈتتۈۋالغان خەلقنىڭ كەيپىياتى قانداق ئىدى؟

9. ئەسھابى سۇففە دەپ ئاتالغان كىشىلەر كىملەر؟

................................................................................................................................................................
................................................................................................................................................................
................................................................................................................................................................
................................................................................................................................................................

10. بەدىردە ئەسىرگە چۈشكەن مۇشرىكلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىندى؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

................................................................................................................................................................
................................................................................................................................................................
................................................................................................................................................................
................................................................................................................................................................

## توغرا جاۋابنى تاللاڭ

1. خەدىچە بىلەن ئەبۇ تالىب ۋاپات بولغان يىل نېمە يىلى دەپ ئاتالدى؟

A) مۇسىبەت يىلى B) ئازاب يىلى
C) دەرت ـ ھەسرەت يىلى D) قورقۇنچلۇق يىل

2. تائىفتا قايسى قەبىلە ياشايدۇ؟

A) بەنى تەمىم B) بەنى ئۇمەييە
C) سەقىف D) خەزرەج

3. رەسۇلۇللاھ تائىفقا قايسى ساھابىسى بىلەن بىللە كەلدى؟

A) ھەزرىتى ئەبۇبەكرى B) ھەزرىتى زەيد
C) ھەزرىتى ئۆمەر D) ھەزرىتى مۇئاز

4. رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىزنى كىشىلەرگە نېمە دەپ تونۇشتۇرۇشقا نىيەتلەندى؟

A) شائىر B) پالچى
C) يالغانچى D) سېھىرگەر

5. بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە مەدىنىدىن كەلگەن قانچە كىشى بار ئىدى؟

A) 14 B) 15
C) 12 D) 16

6. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە ۋەدە قىلىنغان ئىشلاردىن بىرى ئەمەس؟

A) ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك
B) ئوغرىلىق بىلەن زىنا قىلماسلىق
C) يالغان گەپ قىلماسلىق
D) قىز بالىلىرىنى تىرىك پېتى كۆمۈۋېتىش

7. بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتىدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز قايسى ساھابىنى مۇئەللىملىككە تەيىنلەپ، مەدىنىلىكلەرگە قوشۇپ مەدىنىگە يولغا سالدى؟

A) ھەزرىتى ئەلى B) ھەزرىتى مۇسئەب
C) ھەزرىتى جافەر D) ھەزرىتى ئەنەس

8. بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتىدىن كېيىن مەدىنىدە نۇرغۇن كىشى مۇسۇلمان بولغان يىل نېمە يىلى دەپ ئاتالدى؟

A) ھۇزۇر يىلى B) خۇشاللىق يىلى
C) مۇھەببەت يىلى D) زەپەر يىلى

9. ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدە مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى مەدىنىگە تەكلىپ قىلغاندا ھەزرىتى ئابباس ئۇلاردىن قايسى جەھەتلەردە كەسكىن ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلدى؟

A) ئىسلامغا رىئايە قىلىپ ياشىشى
B) پەيغەمبەرنى جېنىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈشى
C) نامازغا ئەھمىيەت بېرىشى
D) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەر قانداق ئەھۋالدا قوغدىشى

10. ئىسرا مۆجىزىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىسقا ۋاقىتتا قەيەردىن قەيەرگە ئاپىرىلدى؟
A) مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەمدىن مەدىنىدىكى مەسجىدى نەبەۋىگە
B) پەلەستىنىدىكى مەسجىدى ئەقسادىن مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەمگە
C) قۇبا مەسجىدىدىن مەسجىدى ئەقساغا
D) مەسجىدى ھەرەمدىن مەسجىدى ئەقساغا

11. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى مىراج مۆجىزىسىدە ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىۋاستە ۋەھيى قىلغان ئىشلاردىن ئەمەس؟
A) بەش ۋاقىت نامازنىڭ پەرز قىلىنىشى
B) بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى (ئامەنەررەسۇلۇ)
C) رامىزان روزىسىنىڭ پەرز قىلىنىشى
D) ئۈممىتى ئىچىدە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىق خۇشخەۋىرى

12. ھىجرەت پەيتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا ياتقان ساھابە كىم؟
A) ھەزرىتى ئەلى
B) ھەزرىتى ئۆمەر
C) ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد
D) ھەزرىتى تەلھا

13. تۇنجى جۈمە نامىزى قەيەردە ئوقۇلدى؟
A) رانۇنا ۋادىسى B) قۇبا مەسجىدى
C) مەسجىدى نەبەۋى D) مەسجىدى ھەرەم

14. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بارغان چاغدا ئۇ يەردە ياشايدىغان يەھۇدى قەبىلىلىرىدىن ئەمەس؟
A) بەنى قەينۇقا B) بەنى قۇرەيزە
C) بەنى نادىر D) بەنى تەمىم

15. نامازغا چاقىرىدىغان ئامال سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۇمباق چېلىش، سۇناي (ياكى قوڭغىراق) چېلىش، ئوت يېقىش قاتارلىق تەدبىرلەر نېمە سەۋەبتىن رەت قىلىندى؟
A) يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن
B) كۆزگە ۋە قۇلاققا خۇشياقمىغانلىقى ئۈچۈن
C) غەيرى مۇسلىملارغا (مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە) ئوخشاپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن
D) تەسىرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن



16. بەدىر ئۇرۇشىدا مۇسۇلمان قوشۇنى بىلەن مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ سانى تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى؟
A) 2000 \ 313 B) 1000 \ 300
C) 2000 \ 1000 D) 1000 \ 313

17. بەدىر ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلاردىن قانچە كىشى شېھىت بولدى؟
A) 61 B) 41
C) 51 D) 12

## تېپىشماق



### ئوڭدىن سولغا

3. ئەزانىنى چۈشىدە كۆرگەن ساھابە: زەيدىنىڭ ئوغلى ......
5. مەدىنىنىڭ ئىلگىرىكى ئىسمى
6. كەبىنىڭ بىر قىسمى
7. ئىسلامدا تۇنجى مەسجىد بىنا قىلىنغان يېزا
8. ئىسرا مۆجىزىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنگەن ئۇلاق
9. بەدىردە ئۆلتۈرۈلگەن مۇشرىك كاتتىۋاشلاردىن بىرى، ئىسلام دۈشمىنى
14. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدى ھەرەمدىن مەسجىدى ئەقساغا مۆجىزىۋى سەپەر قىلىشى
15. مەدىنىدە مەسجىدتە ئوقۇش ۋە ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەمبەغەل ساھابىلەر
17. ئاللاھنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغان ياردەمچى ئىلاھلار، بۇتلارغا چوقۇنۇش
18. مەككىلىك مۇشرىكلار يىغىلىدىغان يەر
19. مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كوللىكتىپ ھالدا كۆچۈشى

### يۇقىرىدىن تۆۋەنگە

1. مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر بىرى
2. مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر بىرى
4. ئەسىرلەر ئازاد قىلىنىشى ئۈچۈن تۆلەنگەن تۆلەم
6. پەيغەمبىرىمىزنىڭ جەددى ـ جەمەتى
8. مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا قىلىنغان تۇنجى ئۇرۇش
10. ئىتائەت قەسمى
11. مەدىنىدىكى ئىككى مۇسۇلمان قەبىلىنىڭ بىرى
12. مەدىنىگە مۇئەللىملىككە ئەۋەتىلگەن ساھابە
13. تائىفقا پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە بارغان ساھابە
16. ھىجرەت پەيتىدە پەيغەمبىرىمىز مۇشرىكلاردىن قېچىپ يوشۇرۇنغان غار
20. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنى



## ئۈچىنچى باب

- ئۇھۇد ئۇرۇشى
- رەجى ۋەقەسى ۋە مائۇنە قۇدۇقى پاجىئەسى
- ھاراق بىلەن قىمار شەيتاننىڭ ئىشى
- ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ئىزىنى ئىزدەپ ماڭغان يىگىت
- ئەيسى ۋە گۇناھسىز قوغلانغان يەھۇدىيلار
- خەندەك ئۇرۇشى
- ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمى
- ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەلچىلەر ۋە مەكتۇپلار ئەۋەتىش
- خەيبەرنىڭ فەتھى قىلىنىشى
- ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن كەبىنى تاۋاپ قىلىش
- مۇئتە ئۇرۇشى

# 1. ئۇھۇد ئۇرۇشى (625-يىلى)

## 1) قىساس ئۇتىدا كۆيگەن مۇشرىكلار

بەدىر ئۇرۇشىدا مۇشرىكلاردىن 70 كىشى ئۆلدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەبۇ جەھىل، ئۇقبە، ئۇتبە، شەيبە، ئۇمەييە قاتارلىق مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىمۇ بار ئىدى. شۇڭا مەككىلىكلەر بەدىردىكى مەغلۇبىيىتىنى ئۇنۇتالماي، قىساس ئېلىش ئىستىگىدە لاۋۇلداپ كۆيدى. بەدىردە ئاتىسى، ئوغلى ۋە باشقا يېقىنلىرى ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن چارە-ئامال ئىزدىدى. مۇشرىكلار بىر يەرگە يىغىلىپ، چوڭى ئەبۇ سوفيانىنىڭ رەھبەرلىكىدە زور بىر قوشۇن تەييارلاپ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشقا نىيەتلەندى. چۈنكى ئۇلار مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلاردىن ئىنتىقامنى ئالماقچىدى.

قەلبى قىساس ئوتى بىلەن يۇچۇلانغانلار بەدىردە ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن ئۇنلۈك شېئىر-قوشاق، مەرسىيە ئوقۇپ ئەتراپتىكى خەلقنى تەسىرلەندۈردى. مەككە سىرتىدىكى مۇشرىك قەبىلىلەردىن 2000 ئەسكەرنى پۇلغا سېتىۋېلىپ ياللىدى. مەككىدىن كەلگەنلەرنىڭ 700 نەپىرى تولۇق قۇراللانغان ساۋۇت-دۇبۇلغىلىق ئەسكەر، 200 نەپىرى بولسا ئاتلىق ئەسكەر ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئەبۇ سوفيانىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈچ مىڭ



كىشىلىك قوشۇن تەييارلاندى. بۇ قوشۇن مەدىنە يۆنىلىشىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ قوشۇندا يەنە 300 تۆگە، ھاراق-شاراپ تولۇملىرى ۋە ناخشىچى، ئۇسسۇلچى ئاياللار بار ئىدى. مەككىلىك مۇشرىكلار بۇ جازا يۈرۈشى ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ھاراق-شاراپ ئىچىپ، ئۇسسۇلچى ئاياللار بىلەن كۆڭۈل ئاچماقچىدى. ئۇلار بۇ جازا يۈرۈشى ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارنى چوقۇم مەغلۇپ قىلالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. يەنە بۇ ئۇرۇشقا مەككىنىڭ چوڭى ئەبۇ سۇفياننىڭ خوتۇنى ھىند بىلەن بىرلىكتە مەككە كاتتىۋاشلىرىنىڭ خوتۇنلىرىمۇ قاتناشتى.

## 2) دۈشمەن قوشۇنى يېقىنلاشقاندا

دۈشمەننى تىنتىڭ-تىڭلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن مۇسۇلمان ئەسكەرلەر مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ مەدىنىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئېنىق ۋەھيى كەلمىگەن ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. ھازىرمۇ شۇنداق قىلدى. مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنى چاقىرىپ:

– دۈشمەننى مەدىنە سىرتىدا كۈتۈۋالايلىمۇ؟ ياكى شەھەرنى ئىچىدە تۇرۇپ مۇداپىئە قىلايلىمۇ؟ – دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ پىكرى مەدىنە سىرتىغا چىقماي، شەھەر ئىچىدە مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىش ئىدى. چوڭ ساھابىلەردىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، سەئىد بىن مۇئاز قاتارلىقلارمۇ بۇ پىكىردە ئىدى. لېكىن ساھابىلەردىن كۆپىنچە كىشى، بولۇپمۇ بەدىر ئۇرۇشىغا قاتنىشالماي ئارماندا قالغان ياش مۇسۇلمانلار بىلەن ھەزرىتى ھەمزە:

– بىز مۇشۇنداق بىر ئۇرۇش كۈنىنى ساقلاپ تۇرغىلى نەۋاخ! دۈشمەن بىلەن مەدىنە سىرتىدا ئۇرۇش قىلايلى! – دەپ چىڭ تۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسىغا قوشۇلدى. ئۈستىگە ساۋۇت-دۇبۇلغىسىنى كىيىپ، قوراللىنىپ ئۆيىدىن چىقتى. بۇ چاغدا مەدىنە سىرتىدا ئۇرۇش قىلىشاق دەپ ئارزۇ قىلغانلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ پىكرىگە قارشى ئىش قىلىپ خاتالاشقانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، ئىلگىرى دېگەن گېپىدىن يېنىۋالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

– ئەي رەسۇلۇللاھ! بىز خاتالىشىپتىمىز. سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قارشى ئىش قىلساق بولمايدۇ. سىز نېمىنى خالىسىڭىز شۇنى قىلىڭ. – دېيىشتى.

لېكىن پەيغەمبىرىمىز:

– بىر پەيغەمبەر ساۋۇت-دۇبۇلغىسىنى كىيگەندىن كېيىن، ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ، ئۇنى سېلىۋەتمەيدۇ. ئەگەر چىدامچان بولساڭلار، ۋەزىپەڭلارنى تولۇق ئادا قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبە بىزگە مەنسۇپ بولغۇسى. – دېدى.

مۇشرىكلار قوشۇنى مەدىنىنىڭ شىمالىغا بەش كىلومېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتىكى ئۇھۇد تېغى باغرىغا كېلىپ قارارگاھ قۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ بىن ئۇممى مەكتۇمنى ئۆزىگە ۋاكالىتەن مەدىنىگە ئىمام قىلىپ تەيىنلەپ، مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن جۈمە نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەدىنىدىن يولغا چىقتى. ئۇھۇدقا يېقىن بىر يەردە كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئۇھۇدقا بېرىپ، مۇۋاپىق بىر يەرنى تاللاپ ئورۇنلاشتى.

## 3) مۇناپىقلارنىڭ خائىنلىقى

يولدا كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى. ئابدۇللاھ بىن ئۇبەي: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە ئوخشاش پىشقەدەم، تەجرىبىلىك ئادەملەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى، ئۇششاق باللارنىڭ گېپىگە كىردى. مەن مەيدان ئۇرۇشىنى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارايمەن» دېگەن باھانە بىلەن ئۆزىگە ئەگىشىدىغان 300 كىشىنى ئېلىپ قوشۇندىن ئايرىلىپ كەتتى. بۇلارنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكى ئۇ چاغقىچە تېخى ئاشكارىلانمىغان ئىدى. ئۇ كۆرۈنۈشتە مۇسۇلمان قىياپىتىدە يۈرگەن، ئەمەلىيەتتە ئىسلام ۋە پەيغەمبىرىمىزگە

سىزنىڭچە مۇسۇلمانلار سانى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەن ئالدىدا قورققانمىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

..............................................................................................................................................

..............................................................................................................................................

ھەقىقىي ئىمان ئېيتمىغان ئادەملەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 3000 كىشىلىك مۇشرىك قوشۇنى ئالدىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى يەتتە يۈزگە چۈشتى. بۇ دېگەنلىك ھەر بىر مۇسۇلمان ئەڭ ئاز دېگەندە تۆت مۇشرىك بىلەن ئۇرۇشىدۇ، دېگەنلىك ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننى ئوھۇد تېغىغا ئارقىسىنى قىلدۇرۇپ تىزدى. سول تەرەپتىكى ئەينەين ئېگىزلىكىگە ئابدۇللاھ بىن جۇبەيرنىڭ قوماندانلىقىدا 50 نەپەر ئوقچىنى يەرلەشتۈردى. ئۇلارغا قايتا-قايتا جېكىلەپ مۇنداق دېدى:

- غەلبە قىلساقمۇ، مەغلۇپ بولساقمۇ مەندىن بۇيرۇق كەلمىگۈچە تۇرغان يېرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار. ئاۋۇ ۋادىدىن ئاتلىق دۈشمەنلەر كېلىپ كەينىمىزدىن مۇھاسىرە قىلىشى مۇمكىن. سىلەر ئوق ئېتىپ ئۇلارنى بۇياققا ئۆتكۈزمەڭلار.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇرۇش ھالىتىگە كىرگەن مۇشرىكلار قوشۇنى سان جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن تۆت ھەسسىدىن ئارتۇق ئىدى. ھەتتا بۇلارنىڭ ئىچىدە يەتتە يۈز نەپىرى ساۋۇت-دۇبۇلغا كىيىپ مۇنتىزىم قوراللانغان، 200 نەپىرى ئاتلىق ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بولسا يۈز نەپەر ساۋۇت-دۇبۇلغىلىق ئەسكىرى، ئاران ئىككى ئېتى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ تەرىپىگە ئۇققاشە، سول تەرەپكە ئەبۇ مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوغدىغۇچىلىققا تەيىنلىدى.

ئىككى تەرەپتىن مەيدانغا چۈشكەن جەڭچىلەرنىڭ بىرمۇ-بىر ئېلىشىشى بىلەن ئۇرۇش رەسمىي باشلاندى. مۇشرىكلار تەرەپتىن مەيدانغا چۈشكەن توققۇز كىشىنى مۇسۇلمانلار بىر-بىرلەپ ئۆلتۈردى.

ھەمزە، ئەلى، سەئىد بىن ئەبى ۋەققاس، ئەبۇ دۇجانە قاتارلىق ساھابىلارنىڭ ھۇجۇمىدا يىگىرمىدىن ئارتۇق مۇشرىك ئۆلدى. مەككىلىكلەر تۇيۇقسىز خاراب بولدى. قوشۇننىڭ ئوڭ سول تەرىپىدىكىلەر ئارقىغا قاراپ پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى. داپ چېلىپ، نەغمە-ناۋا قىلىپ مۇشرىكلارنى ئۇرۇشقا ئۈندەيدىغان ناخشىچى ئاياللارمۇ نالە-پەرياد قىلىپ تاغ تەرەپكە قاچتى. مۆمىنلەرنىڭ ئىمان قۇۋۋىتى ۋە قەھرىمانلىقى ئالدىدا مۇشرىكلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكى، مول مىقداردىكى ئۇرۇش ماتېرىياللىرى كارغا كەلمىدى. مۇشرىكلار تېز سۈرئەتتە ئارقىغا چېكىندى.

## 4) بۇيرۇققا بويسۇنمىغان ئوقچىلار

شۇنداق قىلىپ تۇنجى باسقۇچتا مۇسۇلمانلار ئۇرۇشتا غەلبە قىلغان بولدى. لېكىن قاچقان دۈشمەننى ئاخىرىغا قەدەر قوغلاش ياكى كۆزىتىش كېرەك ئىدى. بىراق مۇسۇلمانلار بۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا جەڭ مەيدانىغا تارقىلىپ، دۈشمەندىن قالغان غەنىمەت ماللارنى يىغىشقا بېرىلىپ كەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەينەين ئېگىزلىكىدە تۇرۇپ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان ئوقچىلار ئۆزئارا:

- بۇ يەردە نېمىشقا تۇرىمىز؟ ئۇرۇش تۈگىدى، غەلبە قىلدۇق. ئەمدى بىزمۇ بېرىپ غەنىمەت توپلايلى! - دېيىشتى.

ئابدۇللاھ بىن جۇبەير:

- رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟

ئەگەر سىزمۇ ئەينەين ئېگىزلىكىدە تۇرۇشقا بەلگىلەنگەن بىر ساھابە بولغان بولسىڭىز، بۇ ئەھۋالدا قانداق ھەرىكەت قىلاتتىڭىز؟

..........................................................................................

..........................................................................................

پەيغەمبىرىمىزدىن بۇيرۇق كەلمىگۈچە تۇرغان يېرىڭلاردىن قەتئىي ئايرىلماڭلار! - دەپ چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى.

ئابدۇللاھنىڭ يېنىدا پەقەتلا سەككىز نەپەر ئوقچى قالدى. باشقىلار جەڭ مەيدانىغا غەنىمەت يىغقىلى چۈشۈپ كەتتى.

مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان خالىد بىن ۋەلىد مۇسۇلمان ئوقچىلار ئىگەللەپ تۇرغان ئەينەين ۋادىسىدىن ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلارغا ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا ئورۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ئوقچىلار ئۇ رايوننى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان بولغاچقا ئۆتەلمىگەن ئىدى. خالىد بىن ۋەلىد مۇسۇلمان ئوقچىلارنىڭ ئەمدى بۇ يەردىن ئايرىلغانلىقىنى كۆرۈپلا قول ئاستىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن بىللە دەرھال ھۇجۇمغا ئاتلاندى. ئابدۇللاھ بىن جۇبەير بىلەن بىللە باشقا سەككىز نەپەر ئوقچىنى شېھىت قىلدى. غەنىيمەت يىغىش بىلەن ئالدىراش تۇرغان مۇسۇلمانلارغا ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. بۇ پەيتتە قېچىۋاتقان مۇشرىك ئەسكەرلەرمۇ قايتىپ كېلىپ يېڭىدىن ھۇجۇم باشلىدى. ئېگىزلىككە چىقىۋالغان ناخشىچى ئاياللارمۇ داپ چالغاچ پەسكە چۈشۈپ، مۇشرىكلارغا مەدەت بەردى. مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىن قىلغان ھۇجۇمى ئارىسىدا قاپسىلىپ تۇرۇپ قالدى. باياتتىن ئېرىشكەن غەلبە بىر دەمدىلا مەغلۇبىيەتكە ئايلىنىۋاتاتتى. نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالغان مۇسۇلمان ئەسكەرلەر بىر-بىرىدىن ئايرىلغان، تارقاق ھالەتتە بولغاچقا جېنىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشتى.

## 5) پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ھەمزىنىڭ شېھىت بولۇشى

بەدىر ئۇرۇشىدا ئەبۇ سوفيانىنىڭ خوتۇنى ھىندىنىڭ دادىسى ئۇتبە، ئاكىسى ۋەلىد ۋە تاغىسى ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. قاتتىق غەزەپلەنگەن ھىند دادىسىنى ئۆلتۈرگەن ھەمزىدىن ئىنتىقام ئېلىشنى پايلاپ يۈرەتتى. ئىنتايىن قەھرىمان ۋە باتۇر بولغان ھەمزە بىلەن ئېلىشىشقا ھېچكىمنىڭ جۈرئەت قىلالمايۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ھەبەشىستانلىق قۇل ۋەھشى نەيزە ئېتىشقا ئۇستا ئىدى. ھىند ئۇنىڭغا ئەگەر ھەمزىنى ئۆلتۈرەلىسە ئازاد قىلىدىغانلىقى ۋە كۆپلىگەن قىممەتلىك سوۋغاتلارنى ھەدىيە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئوھۇد ئۇرۇشى جەريانىدا ۋەھشى ھەمزىنىڭ ئۇدۇلىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىر تاشنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، ھەمزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشىنى ساقلاپ تۇردى. ھەمزە بولسا جەڭ مەيدانىدا توختىماستىن ئوڭ سولغا يۈگرەپ، ئۇچرىغانلىكى مۇشرىكنىڭ كاللىسىنى قولىدىكى قىلىچى بىلەن تېنىدىن جۇدا قىلاتتى. بىر چاغدا ھەزرىتى ھەمزە ۋەھشىنىڭ دەل ئۇدۇلىغا كەلدى. ۋەھشى بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزىۋەتمىدى. ھەبەشىستانلىقلار ئوبدان ئىشلىتىدىغان قىسقا نەيزىنى يۇشۇرۇپ قويغان تاشنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ چاققانلىق بىلەن ھەمزىگە قارىتىپ ئاتتى. نەيزە ھەمزىنىڭ كۆكسىگە تەگدى، ھەمزە شېھىت بولدى.

جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك داۋاملىشىۋاتقان بىر مەزگىلدە ھەمزىنىڭ شېھىت بولغانلىقى

مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ئېغىر يوقىتىش بولدى. جەڭ مەيدانىدا مۆمىنلەر بىر-بىرلەپ شېھىت بولۇشقا باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەتراپىدىكى جەسۇر مۇسۇلمانلارمۇ شېھىت بولغان ئىدى.

### 6) رەسۇلۇللاھ ئۆلتۈرۈلدىمۇ؟

بىر مۇشرىك ئىسلام قوشۇنىنىڭ بايراقدارى مۇسئەب بىن ئۇمەيرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشىتىپ شېھىت قىلغان ئىدى. بۇ مۇشرىك «مۇھەممەدنى ئۆلتۈردۈم، مۇھەممەدنى ئۆلتۈردۈم» دەپ ۋاقىراشقا باشلىشى بىلەن بۇنى راست دەپ ئويلاپ قالغان مۇسۇلمانلار پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

- ئەي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، مەن بۇ يەردە، يېنىمغا كېلىڭلار، ئەتراپىمغا يىغىلىڭلار.
- دەپ توۋلىسىمۇ، بۇ ئاۋاز ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيۋاتاتتى.

مۇسۇلمانلار بىر-بىرىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ كېتىشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ تارقاقلىقىدىن پايدىلانغان مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغىچە يېقىنلاپ كېلىشتى. پەيغەمبىرىمىزگە ئېتىلغان بىر تاش ئۇنىڭ كالپۇكىنى يېرىۋەتتى، بىر چىشى چۈشۈپ كەتتى. مۇشرىك ئىبنى قامىئەنىڭ قىلىچ زەربىسىدە پەيغەمبىرىمىز يەرگە يىقىلدى. ساۋۇت-دۇبۇلغىسىدىن ئاجراپ كەتكەن ئىككى تۆمۈر ھالقا ئۇنىڭ ئېڭىكىگە كىرىپ يۈزىنى يارىدار قىلدى.

ئۇ پەيتتە ئەگەر سىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا بولغان بولسىڭىز، قانداق قىلاردىڭىز؟

..............................................................................................................

..............................................................................................................

مۇسۇلمانلار ئۇرۇش مەيدانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىر دەمدىن كېيىن كۆردى. دەرھال ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، مۇشرىكلارنىڭ ھۇجۇمىنى توستى. بىر ئازدىن كېيىن مۇشرىكلار ئۆزىنى غەلىبە قىلغاندەك ئويلاپ ئوھۇدتىن ئايرىلدى. كېيىن بۇنىڭغا پۇشايمان قىلىپ، قايتىپ بېرىپ مەدىنىنى ئىشغال قىلايلى دېيىشتى. چۈنكى ئۇلار غەلىبە قىلغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن قولىدا ھېچقانداق ئەسىر ياكى غەنىمەت مېلى يوقتى. مۇسۇلمانلار تېخىچە ئۇرۇش مەيدانىدا ئىدى.

مۇسۇلمانلار بىر يەرگە يىغىلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. يارىدارلارنىڭ يارىسى تېڭىلدى. شېھىتلەرنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇلدى. مېيىت نامىزى ئوقۇلغاندا ھەزرىتى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە ئون شېھىتنىڭ مېيىت نامىزى ئوقۇلۇپ، توققۇزى دەپنە قىلىناتتى. ھەمزىنىڭ مېيىتى دەپنە قىلىنماي، ئۇنىڭ يېنىغا يەنە توققۇز شېھىت كەلتۈرۈلۈپ، مېيىت نامىزى تەكرار ئوقۇلاتتى. مۇشۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بۇ تاغىسىنىڭ مېيىت نامىزىنى بىر قانچە قېتىم تەكرار ئوقۇدى.

كېيىنكى چاغلاردا ئوھۇد شېھىتلىرى ئەسلەنگەندە پەيغەمبىرىمىز ئۇ مۇبارەك شېھىتلەرنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: «ۋاللاھى، ساھابىلىرىم بىلەن بىرلىكتە شېھىت بولۇپ، ئوھۇد تېغىنىڭ تېگىگە كۆمۈلۈشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىنلا ساھابىلەرنى يىغىپ بىر قوشۇن تۈپلاپ مۇشرىكلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى. كېچە كىرىشى بىلەنلا مۇسۇلمانلار ھەمرائۇلئەسەد دېگەن جايدا بەش يۈز يەردە گۈلخان ياقتى. مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن قاتتىق قورقۇپ كېتىشتى. ئۆزئارا:

- مۇسۇلمانلارنىڭ قىمىر قىلغۇدەك ھالى قالمىغانتى. بۇ ئەمدى نېمە ئىش؟ - دېيىشىپ ھەيران قېلىشتى. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەندىن كېيىن قورقۇپ:
- بىرەر پالاكەتكە ئۇچراشتىن ئىلگىرى بۇ يەردىن تېز قايتىپ كېتەيلى، تېز بولۇڭلار، تېز!
- دېيىشىپ مەككىگە قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى.

# 2 . رەجى ۋەقەسى ۋە مائۇنە قۇدۇقى پاجىئەسى (625-يىلى)

## 1) پىداكار ئىسلام مۇئەللىملىرى

ئوھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ جاسارىتى كۈچەيدى، مەدىنىدە مۇسۇلمانلار خاتىرجەم ئەمەستى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر تەرەپتىن مۇشرىكلارنىڭ يېڭى ھۇجۇمغا قارشى مۇداپىئە تەدبىرى ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامنى تارقىتىش ئۈچۈن ھەر قانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى. يېڭىدىن مۇسۇلمان بولۇپ دىنىنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە قۇرئانى-كەرىم ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلغان قەبىلىلەرگە ئىسلام مۇئەللىملىرىنى ئەۋەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئادال ۋە قارە قەبىلىلىرىدىن ھەيئەت كېلىپ، ئۆزىنىڭ قەبىلىسىگە ئىسلامنى، قۇرئاننى ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇئەللىم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاسىم بىن سابىتنىڭ باشچىلىقىدا ئون كىشى ئەۋەتتى. بۇ مۇئەللىملەر يولدا ئۇسفان بىلەن مەككە ئارىسىدىكى رەجى دېگەن يەردە ھۇزەيل قەبىلىسىدىن كەلگەن يۈز كىشىلىك بىر گورۇھنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. مۇئەللىملەردىن سەككىز نەپىرى شېھىت بولدى. ئىككەيلەن خائىن قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ تەسلىم بولدى. زەيد بىن دەسنە بىلەن ھۇبەيب بىن



ئادىي ئىسلىمك بۇ ئىككى ساھابىنى ھۇزەيل قەبىلىسىدىكى بۇ بۇلاڭچىلار مەككىگە ئاپىرىپ ساتتى. ئۇمەييەنىڭ ئوغلى سەفۋان زەيدنى سېتىۋالدى. سەفۋاننىڭ دادىسى ئۇمەييە بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولغاچقا، ئۇ دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن زەيدنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. زەيدنىڭ قەتلى قىلىنىشىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن مەككىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى چاقىردى. ئەبۇ سوفيان دارغا باغلانغان زەيدتىن سورىدى:

– قېنى ئېيتە، سېنىڭ قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن سېنىڭ ئورنۇڭدا پەيغەمبەرنىڭ باغلىنىشىنى خالامسەن؟

سىزنىڭچە زەيد بۇ سوئالغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەر؟

........................................................................................................................

........................................................................................................................

زەيد بۇ سوئالغا قىلچە تەمتىرىمەستىن جاسارەت ۋە ئىمان بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئەسلا بۇ گەپنى ئاغزىڭغا ئالما! پەيغەمبىرىمنىڭ بۇ يەردە مېنىڭ ئورنۇمدا تۇرۇشى ئەمەس، ھەتتا مەدىنىدە مۇبارەك ئايىغىغا بىر تال تىكەن كىرىشىگىمۇ چىدىمايمەن.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان ئەبۇ سۇفيان:

— مەن دۇنيادا دوستلىرى مۇھەممەدنى ياخشى كۆرگەندەك بۇنداق سۆيۈلگەن ھېچكىمنى ئۇچراتمىدىم. — دېدى.

ھۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شېھىت بولۇش ئالدىدا «مۇسۇلمانلىقتىن ۋاز كەچسەڭ، سېنى ئۆلتۈرمەي قويۇۋېتىمىز» دېگەن مۇشرىكلارغا:

— مۇسۇلمان پېتىم ئۆلۈش، دىنىدىن چىقىپ ياشاشتىن مىڭ ھەسسە ئەلا! — دەپ قەھرىمانلارچە شېھىت بولدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مۇسۇلمانلار ئىسلامنى ئۆگىتىش يولىدا شېھىت بولغان بۇ قېرىنداشلىرىغا قاتتىق قايغۇردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ قاتىللىرى ئۈچۈن:

— ئاللاھ ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جاجىسىنى بەرگەي! — دەپ، ئۇلارنى ئاللاھقا ھاۋالە قىلدى.

## 2) خائىنلىق ئۈستىگە خائىنلىق

يۇقىرىقى پاجىئە يۈز بەرگەن كۈنلەردە نەجىد ئاھالىسىنىڭ چوڭلىرىدىن ئەبۇ بەرا مەدىنىگە كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— ئەگەر نەجىد رايونىغا ئىسلامنى تەبلىغ قىلىپ بېرىدىغان مۇئەللىملەر ئەۋەتسىڭىز، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدا ئۈمىد بار. — دېدى.

رەجىدىكى قەتلىئامنىڭ مۇسىبىتى تېخى يېڭى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ تۇپەيلى كۆڭلى يېرىم ئىدى. ئەبۇ بەراغا:

— نەجىد رايونىدىكى خەلققە ئىشەنمەيمەن. سىلەرگە مۇئەللىم ئەۋەتسەم، ئۇ مۇئەللىمنى قوغدىيالماسلىقىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن. — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەبۇ بەرا نەجىدكە ئەۋەتىلىدىغان مۇئەللىملەرنى ياخشى قوغدايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇففادا تۇرىدىغان ساھابىلەر ئىچىدىن ئىسلامنى ۋە قۇرئاننى ياخشى بىلىدىغان يەتمىش كىشىنى تاللاپ، بۇ مۇئەللىملەر ئۆمىگىنى ئەبۇ بەرا بىلەن بىللە ئەۋەتتى. بۇ مۇئەللىملەر ئۆمىگى مەدىنىدىن يولغا چىقتى. سەپەردە مائۇنە قۇدۇقى دېگەن يەرگە كەلگەندە دەھشەتلىك قىرغىنچىلىققا دۇچ كەلدى. نەجىد رايونىدىكى بىر خائىن قەبىلىدىن كەلگەن قوشۇن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. پەقەت ئۆمەييە بىن ئامىر ئۆلمەي قېچىپ كېتەلىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردى، ئازابلاندى. چۈنكى شېھىت بولغان مۇئەللىملەرنىڭ كۆپىنچىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆز تەربىيىسىدە يېتىشكەن، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. مۇسۇلمانلار بۇ مۇسىبەتكە قايغۇرۇپ يىغلاشتى. ئىسلام دۈشمىنى مۇناپىقلار بىلەن يەھۇدىيلار خۇشال بولۇپ، خۇددى غەلىبە قىلغاندەك شاتلىققا چۆمدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىلگىرى ھېچقاچان بۇنچىلىك ئېغىر قايغۇرمىغان ئىدى. مۇبارەك قولىنى يۇقىرىغا قارىتىپ:

— ئەي ئاللاھىم! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى ئىسيان قىلغان بۇ ئىسيانچى ۋە خائىن قەبىلىلەرگە لەنەت قىلغىن! — دەپ ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن 40 كۈن توختىماي بەددۇئا قىلدى.

# 3. هاراق بىلەن قىمار شەيتاننىڭ ئىشى

«ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار.» (نىسا سۈرىسى 43-ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلاردىن هاراق ئىچىدىغانلار كۆرۈنەرلىك ئازايدى. نامازئوقۇلماقچى بولغىنىدا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى يەتكۈزمەكچى بولغان كىشى: «مەست بولغۇچىلار نامازغا يېقىن كەلمىسۇن!» دەپ توۋلايتتى. ئاخىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى هاراقنى تاشلىدى. بەزىلەر هاراق تۈپەيلى كېلىپ چىقىۋاتقان كۆڭۈلسىز ۋەقەلەردىن بىئارام ئىدى. هەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «هاراق هەققىدە بىزگە ئېنىق ۋە كەسكىن بىر بۇيرۇق بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلىۋاتاتتى. ئاخىرى هاراق شاراپ زىياپىتى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بىر جېدەل-ماجرادىن كېيىن هاراقنىڭ زىيىنى تېخىمۇ ئېنىق ئايان بولدى. هاراقنى مەنئى قىلىش تەخىرسىز بىر مەسىلىگە ئايلانغان ئىدى. ئاخىرىدا هاراقنى چەكلەش هەققىدىكى ئايەت نازىل قىلىندى.

سىزنىڭچە هاراقنىڭ بىر قېتىمدا بىراقلا چەكلەنمەستىن، تەدرىجى مەنئى قىلىنىشىدىكى سەۋەب نېمىدۇ؟

..............................................................................................

..............................................................................................

ئاللاھتائالا:

«ئى مۆمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟» (مائىدە سۈرىسى 90-91-ئايەت)نى ۋەھيى قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هەزرىتى ئۆمەرنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرىقى ئايەتنى ئوقۇدى. «سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن يانامسىلەر؟» دېگەن يەرگە كەلگەندە، هەزرىتى ئۆمەر: «ياندۇق، ياندۇق يا رەببىي!» دېدى. پەقەتلا هەزرىتى ئۆمەر ئەمەس، پۈتكۈل مۇسۇلمانلار: «هاراقنى، قىمارنى تولۇق تاشلىدۇق، ئەي رەببىمىز!» دېيىشتى. بۇ ئايەتلەر نازىل بولۇشى بىلەنلا بىر جاكارچى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەمرى بىلەن كوچىدا ئۈنلۈك توۋلاپ:

- ئەييۇهەنناس، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار خالايىق! هاراق چەكلەندى! - دەپ جاكارلىدى. مۇسۇلمانلار ئۆيىدە ساقلاۋاتقان هاراق تۇلۇملىرى، ئىدىش-كوزىلارنى يولغا ئەچىقىپ چېقىپ، ئىچىدىكى هاراقنى تۆكىۋەتتى. مەدىنە كوچىلىرىدا هاراق-شاراپ كەلكۈن كەبى ئاقتى. هاراق چەكلەنگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار قىلچىلىك ئېتىراز قىلماستىن، باهانە-سەۋەب كۆرسەتمەستىن دەرھال ئۆيىدىكى هاراق كۇپلىرىنى ئاچىقىپ، ئىچىدىكىنى تۆكۈۋەتتى. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خۇشاللىق بىلەن ئىتائەت قىلىپ، هۆرمەت بىلەن تەسلىم بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي هاراق ئىچمىدى.

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېدى:

«شۈبهىسىزكى، ئاللاھتائالا هاراققا. ئۇنى ئىشلەپچىقارغۇچىغا، ئىشلەپچىقىرىلغان يەرگە، ئىچكەن ئادەمگە ئىچۈرگەن ئادەمگە، توشۇغۇچىغا، ساتقۇچىغا، سېتىۋالغۇچىغا، هاراقتىن كىرگەن كىرىمنى خەجلىگۈچىگە، يېگۈچىگە لەنەت قىلىدۇ.» (ئەهمەد، 1-جىلد، 53؛ نەسائى، «ئەشرىبە»، 1-2؛ هاكىم، 11-جىلد، 305)

رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مەست قىلغۇچى هەر قانداق نەرسە هارامدۇر. مەست قىلغۇچى نەرسە ئاز ياكى كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، هەممىسى هارامدۇر.» (ئىبنى ماجە، «ئەشرىبە»، 10؛ نەسائى، «ئەشرىبە»، 24، 48)

«هاراق بارلىق ناچار ئىشلارنىڭ باشلىنىشىدۇر.» (ئەهمەد، 5-جىلد، 238)

## خىجىل بولدى

پەيغەمبىرىمىز كىچىك قىزى پاتىمەنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئايايتتى. ئۇنى تاغىسىنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئەلىگە ياتلىق قىلغانتى. پاتىمە ھەر كۈنى ئۆيىدە ئارام ئالماي ئىش قىلاتتى. قولى بىلەن يارغۇنچاق چۆگىلىتىپ ئارپا ـ بۇغداي ئېزىپ ئۇن قىلاتتى. بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولالماي قولى قاپىرىپ كەتتى. ئەپكەشتە سۇ توشۇپ بولالماي، مۈرىسىدە قاپارتقۇ ئىزى چىقىپ يارا بولۇپ كەتتى. ئۆيىنى ۋە ھويلا ـ ئارامنى سۈپۈرگەندە ئۈستى بېشى چاڭ ـ توزاڭ ئىچىدە قالاتتى. ئۆيىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز قىلاتتى. پاتىمە قاتتىق ھېرىپ كەتكەن بىر كۈنى دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆي ئىشىغا ياردەملىشىدىغان بىر خىزمەتچى بېرىشنى تەلەپ قىلماقچى بولدى. پاتىمە پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا تارتىنىپراق كىردى. ئۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىز بەزى ئادەملەر بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. پاتىمە بۇلۇڭدا بىر ئاز ساقلىغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. ئەتىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پاتىمەنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ـ قىزىم، نېمە ھاجىتىڭ بار ئىدى؟ ـ دەپ سورىدى.

پاتىمە گەپ قىلالمىدى. «بىر خىزمەتچىم بولغان بولسا» دېيىشكە خىجىل بولدى. ئېرى ھەزرىتى ئەلى گەپ قىستۇردى:

ـ پاتىمە ھەر كۈنى ئۆي ئىشى قىلىپ بولالماي بەك ھېرىپ چارچايدۇ. شۇڭا بۇ ئىشلارغا ياردەملەشكۈدەك بىر كىشى بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ـ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەي پاتىمە، ساڭا ئاللاھتىن قورقۇشۇڭنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئاللاھ ساڭا بۇيرىغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغىن. ئۆي ئىشلىرىنى قىلغىن. ئاخشىمى ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقىنىڭدا 33 قېتىم «سۇبھانەللاھ»، 33 قېتىم «ئەلھەمدۇلىللاھ»، 34 قېتىم «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگىن. بۇنداقتا ھەممىسى 100 بولىدۇ. بۇ سېنىڭ ئىشلىرىڭنى ئاسانلاشتۇرۇشتا بىر خىزمەتچىدىن تېخىمۇ ياخشىدۇر. ـ دېدى.

پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا خىجىل بولغان ھالدا بېشىنى ئېگىپ:

ـ جېنىم دادا، مەن ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھتىن خۇرسەنمەن. ـ دېدى. (ئەبۇ داۋۇد، «خاراج»، 19 ـ 20)

# 4. ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ئىزنى ئىزدەپ ماڭغان يىگىت

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان ساھابىسى سەلمان پارسىينىڭ ئىسلامنى ۋە رەسۇلۇللاھنى قانداق تاپقانلىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايلى:

## 1) ئوتقا چوقۇناتتۇق

بىزنىڭ ئۆي ئىراننىڭ ئىسپاھان شەھرىنىڭ جەي يېزىسىدا، دادام يېزىمىزدىكى ئەڭ چوڭ باي بولۇپ، تېرىلغۇ يېرىمىز ۋە چارۋا-ماللىرىمىز كۆپ ئىدى. مەن ئائىلىمىزدە پەقەت بىر بالا بولغانلىقىم ئۈچۈن دادام مېنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ھەر ۋاقىت مەندىن ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. ماڭا بىرەر ئىش بولمىسۇن دەپ ئۆيدىن تالاغا چىقىشىمغىمۇ رۇخسەت قىلمايتتى.

دادام مەجۇسىي يەنى ئاتەشپەرەست ئىدى. ماڭىمۇ ئاتەشپەرەستلىكنى ئۆگەتكەنتى. ئۆيىمىزدە داۋاملىق ئوت ئۆچمەيتتى. بىز ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ سەجدە قىلاتتۇق. بىر كۈنى دادام مېنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ دېدىكى:

- بالام، مەن ئۆلگەندە مال-مۈلۈكلەر ھەممىسى ساڭا قالىدۇ. شۇڭا بېرىپ ماللىرىمىز ۋە يەرلىرىمىزنى تونۇۋالغىن!

## 2) ھەيران قالدىم

بىر كۈنى ئېتىزلىقنى كۆرگىلى كېتىۋاتقىنىمدا يولدا بىر چېركاۋ ئۇچرىدى. چېركاۋنىڭ ئىچىدىن خىرىستىئانلارنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقان مۇناجات ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. چېركاۋغا كىرىپ، ئۇلارغا سەپسېلىپ قارىدىم. قاتتىق ھەيران قالدىم. چۈنكى مەن پەقەتلا ئوتقا چوقۇنىلىدىغانلىقىنى ئۆگەنگەن ئىدىم. بىراق ئۇلار كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ئاللاھقا ئىبا د ە ت قىلىۋاتاتتى. كەچ كىرگۈچە ئۇلارغا قاراپ تۇردۇم. كۆڭلۈمدە «ۋاللاھى، بۇلارنىڭ دىنى تېخىمۇ توغرا. بىزنىڭ دىنىمىز خاتا» دەپ ئويلىدىم. ئۇ كۈنى ئېتىزلىققا بارمىدىم. چېركاۋدىكىلەردىن سورىدىم:

- بۇ دىنىنىڭ مەركىزى قەيەردە؟
- بۇ دىنىنىڭ ئەسلى شامدا (سۈرىيەدە).
- ئۇنداقتا، مەنمۇ شامغا بارسام، مېنى بۇ دىنغا قوبۇل قىلارمۇ؟
- ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ.



- سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بۇ يېقىندا شامغا بارىدىغانلار بارمۇ؟
- بىر قانچە كۈندىن كېيىن بىر كارۋان شامغا بارىدۇ.
كەچ كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ مەن تېخىچە ئۆيگە قايتمىغانلىقىم ئۈچۈن، دادام مېنى ئىزدىگىلى خىزمەتچىلەرنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار مېنى ئىزدەپ تاپالماي يۈرگەندە مەن ئۆيگە كىردىم. دادام:
- بۇ ۋاقىتقىچە نەدە يۈردۈڭ؟ سېنى ئىزدەپ بارمىغان يەر قالمىدى.
- جېنىم دادا، مەن بۈگۈن ئېتىزلىقنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىققانتىم. يولدا بىر چىركاۋ ئۇچرىدى، ئىچىگە كىردىم. بىلدىمكى، ئۇ خىرىستىئانلار ھەممە نەرسىگە كۈچى يېتىدىغان، بىراق كۆزدە كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ئاللاھقا ئىشىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنىمۇ ياقتۇرۇپ قالدىم. كەچ كىرگۈچە ئۇلارغا قاراپ تۇردۇم. ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ بىزنىڭكىدىن توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.
- بالام، خاتا ئويلاپسەن. سېنىڭ ئاتا-بوۋاڭنىڭ دىنى ئۇلارنىڭ دىنىدىن تېخىمۇ توغرا. ئۇلارنىڭ دىنى بۇزۇق دىن. ئۇلارغا ھەرگىز ئىشەنمە!
- ياق، دادا. ئۇلارنىڭ دىنى بىزنىڭكىدىن تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ توغرا. بىز ئوتقا چوقۇنۇپ خاتا قىلىۋاتىمىز.
دادام بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقلاندى. مېنىڭ پۇت-قولۇمنى باغلاپ ئۆيگە سولاپ قويدى. مەن ئۆيدە سولاغلىق تۇرغان ۋاقتىم پىكىر خىيالىم شامغا بارماقچى بولغان كارۋاندا ئىدى.

سىزنىڭچە، سەلمان شامغا بارالارمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

..............................................................................................................

..............................................................................................................



### 3) شام سەپىرىدە

خىرىستىئان راھىپلارنىڭ شامغا بارىدىغان كارۋاننى تەييارلاپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. مېنى باغلاپ قويغان ئارغامچىنى بىر ئامال قىلىپ ئۈزۈپ، ئۆيدىن ئوغۇرلۇق قېچىپ چىقتىم-دە، ئۇ كارۋان بىلەن بىللە شامغا باردىم. شامدا خىرىستىئانلارنىڭ ئەڭ چوڭ راھىبىنى ئىزدىدىم. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ خىرىستىئان دىنىنى ئۆگىنىش ئارزۇيۇم بارلىقىنى ئېيتتىم. مەن ئۇ راھىپقا: «مەن سىزگە خىزمەتچى بولۇشقا رازىمەن. سىزدىن پەقەتلا ئاللاھنى تونۇتۇپ قويۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن» دېدىم. راھىپ ماقۇل بولدى. ئۇ راھىپنىڭ يېنىدا تۇرغاندا ئۇنىڭ بەزى ناچار ئەخلاقىنى كۆردۈم. مەسىلەن: خەلق كەمبەغەللەرگە بەرسىلە دەپ ئۇنىڭغا ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق سەدىقىلەرنى ئېلىپ كەلسە، ئۇ بۇلارنى ئۆزى ئېلىۋېلىپ، كەمبەغەللەرگە بەرمەيتتى. ھەتتا ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، نەچچە ئىدىش ئالتۇن، كۈمۈش يىغقان ئىدى. خەلق بۇ ئىشنى بىلمەيتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ راھىپ ۋاپات بولدى. خىرىستىئانلار ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن يىغىلغاندا ئۇلارغا مۇنداق دېدىم:
- ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ھۆرمەت قىلىسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ سىلەرنىڭ ھۆرمەت قىلىشىڭلارغا ئەرزىمەيدىغان ئادەم.
- سەن نېمىگە ئاساسەن بۇنداق دەيسەن؟
- دېيىشتى ئۇلار.
مەن ئۇ راھىپ يىغىپ قويغان ئالتۇن-كۈمۈش ساقلانغان يەرنى كۆرسەتتىم. خىرىستىئان جامائەت يەتتە ئىدىش (كۈپ) ئالتۇن، كۈمۈشنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپ: «بۇ ھارامزى ئىنساندەك دەپنە قىلىنىشقا لايىق ئەمەسكەن» دېيىشىپ، ئۇنىڭ جەسەدىنى بىر ئازگالغا تاشلاپ، ئۈستىنى تاش بىلەن كۆمۈۋەتتى. كېيىن ئۇ راھىپنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئالىم كەلدى. بۇ كىشى ناھايىتى بىلىملىك بولۇپ، مال-دۇنياغا كۆز قىرىنى سالمايتتى. ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە قايىللىقىم ئاشتى. ئۇزۇن ۋاقىت يېنىدا تۇردۇم. ئۇنىڭ ۋە چېركاۋنىڭ يۇگۇر-يېتىم ئىشلىرىنى قىلغاچ،

ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىبادەت قىلدىم. بۇ ئالىم راھىپنىڭ يېشى چوڭ ئىدى. ئۇ ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ، ۋاپات بولۇش ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

ـ ئۇستازىم، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان يېنىڭىزدا تۇردۇم. سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى سىز دىن بۇيرىغان ئىشلارنى قىلىسىز. دىن چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق تۇرىسىز. ناۋادا سىز ۋاپات بولسىڭىز، مەن قانداق قىلاي؟ قەيەرگە، كىمنىڭ يېنىغا باراي؟

ـ ئوغلۇم، شامدا ئادەملەرگە توغرا يولنى كۆرسەتكۈدەك كىشى قالمىدى. كىمنىڭ يېنىغا بارساڭ، ناچار ئەخلاقى بىلەن سېنى يامان يولغا باشلايدۇ. لېكىن مۇسۇلدا (ئىراقتا) بىر زات بار. ئۇنىڭ يېنىغا بارغىن. مەن: «ماقۇل ئۇستازىم» دېدىم ۋە ئۇ ئالىم راھىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شامدىن مۇسۇلغا باردىم. ھېلىقى زاتنى تېپىپ، بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. مېنى خىزمەتچىلىككە ئالدى. ئۇ زات ۋاپات بولغاندا ئۇ تەۋسىيە قىلغان نۇسەيبىندىكى بىر ئالىمنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ يەردە بىر مەزگىل قالدىم. كېيىن ئۇ مېنى رۇم شەھىرىدىكى بىر ئالىمنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. بېرىپ ئۇ ئالىمنىڭ خىزمەتچىسى بولدۇم. ئۇنىڭ يېنىدىمۇ خېلى ئۇزۇن ۋاقىت قالدىم. ئۇنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭدىن كېيىن كىمنىڭ يېنىغا بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلىدىغانلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ھازىر مەن سېنى پالانىنىڭ يېنىغا بارغىن دېگۈدەك ئېنىق بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلمەيمەن. لېكىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ كېلىش ۋاقتى يېقىنلاشتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدىن كېلىدۇ. ۋەتىنىدىن ھىجرەت قىلىپ، تاشلىق ساي ئىچىدە خورمىسى كۆپ بولغان بىر شەھەرگە يەرلىشىدۇ. ئۇنى تونۇشۇڭ ئۈچۈن ئىشارەت شۇكى، ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلىپ بېرىلسە قوبۇل قىلىدۇ، لېكىن سەدىقىنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ مۈرىسىدە ئىككى تاغاق سۆڭىكى ئارىسىدا پەيغەمبەرلىك

مۇھۇرى (تامغىسى) بار.

## 4) ئاخىرقى پەيغەمبەرنى ئىزدەش

ئۇنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئەرەب دىيارىغا بېرىشقا تەييارلاندىم. بۇ يەردە ئىشلەپ بىر قانچە تۇياق كالا ۋە بىر پادا قوينىڭ ئىگىسى بولغان ئىدىم. بەنى كەلب قەبىلىسىدىن بىر كارۋان ئەرەب دىيارىغا مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇلارغا دېدىمكى: «بۇ كالا قويلارنى سىلەرگە بېرەي. مېنى ئەرەب دۆلىتىگە ئاپىرىپ قويساڭلارلا بولىدۇ.» ئۇلار ماقۇل دەپ مېنى كارۋانغا قوشۇۋالدى. لېكىن يولدا بىر يەردە دەم ئېلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۇلار ماڭا خىيانەت قىلدى. مېنى قۇل دەپ بىر يەھۇدىيغا سېتىۋەتتى. يەھۇدىينىڭ ماكانىدا خورمىلىق باغلارنى كۆردۈم. «ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھىجرەت قىلىدىغان يەر مۇشۇ جاي بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدىم. لېكىن بۇ يەرگە كۆڭلۈم چۈشمىدى. كېيىن ئۇ يەھۇدى مېنى قۇل دەپ تاغىسىنىڭ ئوغلىغا ساتتى. ئۇ مېنى ئېلىپ مەدىنىگە ئەكەلدى. مەدىنىگە بارغىنىمدا خۇددى بۇ يەرنى ئىلگىرى كۆرگەندەك ئىدىم. بۇ يەرگە كۆڭلۈم چۈشتى. مەدىنىدە ياشاشقا باشلىدىم. مېنى سېتىۋالغان يېڭى خوجايىنىنىڭ بېغىدا ئىشلەپ، ئۇنىڭ مالايلىقىنى قىلدىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئەسلى مەقسىتىم بويىچە ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بىلەن كۆرۈشۈش پەيتىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم.

## 5) «پەيغەمبەرمەن» دەيدۇ

بىر كۈنى يەھۇدىي خوجايىنىنىڭ بېغىدا ئىشلەۋاتاتتىم. خوجايىنىم دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپ بىر كىشى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇ كىشى مۇنداق دېدى:

ـ مەككىدىن بىرەيلەن كەپتۇ، ئۆزىنى «پەيغەمبەرمەن» دەيدىكەن.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاياجاندا دەرەختىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم. دەرھال پەسكە چۈشۈپ ئۇ كىشىدىن سورىدىم:

ـ سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟

خوجايىنىم يۈزۈمگە بىر شاپىلاق سالدى:

ـ ئۇنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ؟ ماڭ، ئىشىڭنى قىل! ـ دېدى.

ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان كۈنۈم ئاخشىمى ئازىراق خورما ئېلىپ قۇباغا باردىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ: «سىز بىر ياخشى ئادەم ئىكەنسىز، يېنىڭىزدا كەمبەغەللەر باركەن. مەن بۇ خورمىلارنى سەدىقە بېرەي دەپ ئەكەلگەنتىم» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدىكى ساھابىلەرنى «كېلىڭلار، خورما يەڭلار!» دەپ چاقىردى. لېكىن ئۆزى پەقەت يېمىدى. كۆڭلۈمدە «مانا بۇ بىرىنچى ئالامەتى، ئۆزىگە بېرىلگەن سەدىقىنى قوبۇل قىلمايدىكەن» دەپ ئويلىدىم. كېيىن ئۆيگە قايتتىم ـ دە، يەنە ئازىراق خورما ئېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ: «بۇ خورمىلار ھەدىيە، قېنى ئالسىڭىز» دېدىم. بۇ قېتىم ئەتراپىدىكى ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزىمۇ خورمىغا ئېغىز تەگدى. كۆڭلۈمدە «بۇ ئىككىنچى ئالامىتى» دېدىم. باشقا بىر كۈنى يەنە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا باردىم. بىر مېيىتنى دەپنە قىلىۋاتقان ئىكەن. «ئەجىبا ئۇنىڭ مۈرىسىدە پەيغەمبەرلىك تامغىسى بارمىدۇ؟ مەن ئۇنى كۆرەلەرمەنمۇ؟» دەپ قىزىقىپ ئويلاپ تۇراتتىم. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك مۈرىسىنى ئازىراق ئېچىۋىدى، ئۇنىڭ مۇبارەك مۈرىسىدە ئىككى تاغاق سۆڭىكى ئارىسىدا پەيغەمبەرلىك تامغىسىنى كۆردۈم. خۇشاللىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە ئۇنىڭ مۈرىسىدىكى تامغىنى سۆيدۈم ـ دە، يىغلاشقا باشلىدىم. شۇ چاغدا كەلىمە شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدۇم.

ئۇ پەيتتە سەلمان نېمىنى ئويلىغاندۇ؟

..................................................

..................................................

# 5. ئەيىپ ۋە گۇناھتىن قوغدايدىغان يېپىنچا

ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەردە ياغلىق، رومال بار ئىدى، بىراق بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى يۆگەيدىغان كىيىم كىيىش ئادىتى يوقتى. ئاياللارمۇ بەدىنىنى تولۇق يۆگەپ يۈرمەيتتى. ئاخىرى تولۇق كىيىم كىيىشنى بۇيرىغان ئايەت نازىل بولدى: «مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق

خەۋەردار. مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار)دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن.» (نۇر سۈرىسى 30 ـ 31 ـ ئايەتلەر)

بۇ ئايەت نازىل بولۇش بىلەن ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئېتىبارى ئاشتى. ئاياللار بەدىنىنى تولۇق يۆگەيدىغان كىيىملەر بىلەن چىرايلىق ئورىنىپ، ئانىلىق شان ـ شەرىپىنى ساقلىدى. مۇسۇلمان ئاياللار ئەرلەرنىڭ نەپسىنى غىدىقلايدىغان شەھۋەت قۇرالى بولۇشتىن چىقىپ، ھايا ۋە ئىپپەتنىڭ سىمۋولى بولدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئازادە كىيىملەر بىلەن بەدىنىنى يۆگەپ كىيىنىش ھەققىدىكى بۇيرۇق يالغۇز ئاياللارغىلا قارىتىلماستىن، ئەرلەرگىمۇ قارىتىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ كىيىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. بىر قېتىم ئائىشە ئانىمىزنىڭ ئاچىسى ئەسمانىڭ نېپىز كۆينەك كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال يۈزىنى باشقا تەرەپكە قارىتىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئەسما، خانىم ـ قىزلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن يۈزى ۋە قولىدىن باشقا يېرىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرۈشى توغرا ئەمەس. (ئەبۇ داۋۇد، «لىباس»، 31\4014)

ئابدۇللاھ ئەل ـ مۇھارىبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى رەسۇلۇللاھنى بازاردا ئۇچراتتىم.

ـ ئى ئىنسانلار، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەپ نىجادلىققا ئېرىشىڭلار! ـ دەپ توۋلاۋاتاتتى.

ئادەملەردىن بەزىلەر ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرسە، بەزىلەر توپا چاچتى. بەزىلەر تىللاپ ھاقارەت قىلدى. بۇ ئەھۋال چۈشكىچە داۋاملاشتى. ئۇ چاغدا كىيىمىنىڭ ياقىسى ئېچىلىپ بوينى كۆرۈنۈپ قالغان بىر قىز بىر قاچا سۇ بىلەن قولياغلىق كۆتۈرگەن پېتى كەلدى، قىز يىغلاۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىدىكى سۇنى ئىچتى، يۈز ـ كۆزىنى يۇيدى، بېشىنى كۆتىرىپ:

ـ قىزىم، ياغلىقىڭ بىلەن بوينۇڭنى ئوبدان يۆگىگىن. داداڭنى تۇزاققا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلەمدىكىن دەپ غەم قىلما. ـ دېدى.

ئۇ قىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىۋىدۇق، «قىزى زەينەپ» دېيىشتى. (ھەيسەمى، 6 ـ جىلد، 21)

# 6. خەندەك ئۇرۇشى (627-يىلى)

## 1) مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش

خەندەك ئۇرۇشى مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان دەھشەتلىك ۋە قىيىن بىر ئۇرۇشتۇر. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى، مەدىنىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرغان ئىسلام دۆلىتىنى تەلتۆكۈس يوق قىلىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئۇھۇدتا غەلبە قىلغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن مۇسۇلمانلار مەدىنىدە كۈنسىرى كۈچىيىپ، سانى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. بۇ مەزگىلدە بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى مۇسۇلمانلارغا خائىنلىق ۋە دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلىغانىدى. مۇشرىكلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دەرھال مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. مەككە مۇشرىكلىرى يېقىن ئەتراپتىكى قەبىلىلەردىنمۇ ئەسكەر توپلاپ، سانى ئون مىڭدىن ئاشىدىغان بىر قوشۇن تەييارلىدى. بۇ قېتىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشى ھەقىقەتەن مۇشكۈل ئىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇرۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ساھابىلەرگە ئىلھام بېرىدىغان، ئۇلارنىڭ غەيرەت-شىجائىتىنى كۈچلەندۈرىدىغان ياخشى سۆزلەرنى قىلدى. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، بۇ يولدا ئۇچرىغان جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىدىسا، ئاللاھنىڭ ياردىمىنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە قىلدى.

ئاللاھتائالا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەندەك قېزىشنى ئىلھام قىلغانىدى. شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەردىن سورىدى:

- مەدىنىدىن سىرتقا چىقىپ ئۇرۇشايلىمۇ؟ ياكى مەدىنىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قازايلىمۇ؟

سەلمان پارىسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، بىز پارس دىيارىدا (ئىراندا) دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن قورققان چېغىمىزدا ئەتراپىمىزنى خەندەك بىلەن قورشايتتۇق. ھازىر بىزمۇ شۇنداق قىلايلى. -

دېدى.

ئۇمۇمەن مەدىنىنىڭ ئۈچ تەرىپى ئۆيلەرنىڭ ئېگىز تاملىرى، تىك قىيالار ۋە قويۇق خورمىزارلىقلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، پەقەتلا شىمال تەرىپى ئوچۇق ئىدى. ئەگەر بۇ تەرەپكە دۈشمەن ئاتلاپ ئۆتەلمەيدىغان چوڭقۇرلۇقتا بىر خەندەك كولانسا، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئاسان بولاتتى.

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەۋسىيەسىنى قوللىغان سۆزى مۇسۇلمانلارغا خوشياقتى. ئەرەبلەر ئىلگىرى بىلمەيدىغان بۇ مۇداپىئە تاكتىكىسى مۇۋاپىق كۆرۈلدى.

## 2) خەندەك قېزىلىۋاتىدۇ

سوغۇق شامالار خەندەك قازغۇچىلارنىڭ پۇت-قولىنى ئۈششۈتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدىنىدە ئاچارچىلىق بار ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۈچ كېچە-كۈندۈز ھېچقانداق تاماق يېمەي ئىشلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ باشقا مۇسۇلمانلاردەك قورسىقىغا تاش باغلاپ ئاچلىق تۇيغۇسىنى پەسەيتەتتى. ئۇ ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە خەندەك كولىغاچ، ئاچلىققا، ھارغىنلىققا قارشى روھنى ئۇرغۇتىدىغان ئىلھامبەخش سۆزلەرنى دەپ بېرەتتى.

خەندەك قېزىۋاتقاندا گۈرجەك يوغان بىر قاتتىق تاشقا ئۇرۇلدى. ئۇ تاشنى ھېچكىم مىدىرلىتالمىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەندەكنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تاشقا ئۈچ قېتىم ئۇرۇش بىلەنلا ئۇنى پارام-پارچە قىلىۋەتتى. تاشقا بىرىنچى قېتىم ئۇرغاندا پات يېقىندا شام دىيارىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتىدىغانلىق خوشخەۋىرىنى بەردى. ئىككىنچى قېتىم ئۇرغاندا يېقىندا پارس (ئىران) دۆلىتىنىڭ پەتھى قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۈچىنچى قېتىم ئۇرغاندا كېيىن يەمەنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئېچىلىدىغانلىقىنى دېدى. بۇ خوشخەۋەرلەر سوغۇقتا ئاچ ئىشلەۋاتقان جاپاكەش مۆمىنلەرنىڭ قەلبىنى ئۈمىدۋارلىق ۋە خۇشاللىققا تولدۇردى.

## ئۇ سەندىن ياخشى بىلىدۇ

خەندەك قازغۇچىلار كۈنلەردىن بۇيان ئاچ بولۇپ، ئاغزىغا بىرەر لوقما تائام سالمىغىلى ئۈچ كۈن بولغان ئىدى. مۇسۇلمانلار ئاچلىقنى بىر ئاز بولسىمۇ پەسەيتىش، قورسىقىدىكى ئاچلىقتىن غولدۇرلىغان ئاۋازنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن قۇرسىقىغا تاش باغلىۋالغانىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولسا، ئىككى تاشنى بىراقلا باغلىغان ئىدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ چىدىمىدى. ئۆيىگە بېرىپ ئايالىغا:

– رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقتىن يىقىلاي دەپ قالدى. ئۆيدە ئۇنىڭغا يېگىلى بەرگۇدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟ – دەپ سورىدى. ئايالى:

– ئازىراق ئارپا بىلەن بىر ئوغلاق بار. – دېدى.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلاقنى بوغۇزلىدى، ئارپىنى يارغۇنچاقتا ئېزىپ ئۇن قىلدى. ئايالى گۆشنى پارچىلاپ قازانغا سېلىپ، قازاننى تونۇرنىڭ ئىچىدىكى ئوتنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئارپا خېمىرىدا نان ياساپ تونۇرغا ياقتى. گۆش بىلەن نان پىشۋاتقاندا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ:

– ئەي رەسۇلۇللاھ، ئۆيدە ئازىراق تائام بار ئىدى. سىزگە بەرگۈمىز بار. بىر ئىككى كىشى بىلەن بىللە ئۆيىمىزگە مەرھەمەت قىلسىڭىز. – دېدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

– قانچىلىك تائام بار ئەي جابىر؟ – دەپ سورىدى.

– ئازىراق ئارپا نېنى بىلەن بىر كىچىك ئوغلاق گۆشى بار. – دېدى جابىر.

– بۇ ھەم ياخشى ھەم كۆپ تائام ئىكەن. ئايالىڭغا ئېيتقىن، مەن بارغۇچە قازاننىڭ تۈۋىقىنى ئاچماي تۇرسۇن، ناننىمۇ تونۇردىن چىقارمىسۇن. – دېگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرگە قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

– ئەي خەندەكتىكىلەر، جابىر بىزگە زىياپەت تەييارلاپتۇ، يۈرۈڭلار، جابىرنىڭ ئۆيىگە بارايلى. – دېدى.

خەندەكتە ئىشلەۋاتقانلار ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشتى. جابىر شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ ئۆيىگە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھودۇققان پېتى يۈگرەپ ئۆيىگە كەلدى-دە، ئايالىغا:

– ۋاي، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە بارلىق ئەنسار ۋە مۇھاجىرلار بىزنىڭ ئۆيىگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. – دېدى. ئايالى:

– رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەندىن تائامنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سورىدىمۇ؟ – دېدى. جابىر:

– ھەئە، سورىدى. – دېدى. ئايالى تەمكىنلىك بىلەن:

– ئۇنداقتا، غەم قىلما، ئۇ سەندىن ياخشى بىلىدۇ! – دېدى.

بىر دەمدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەر بىلەن بىللە كەلدى. پەيغەمبىرىمىز تونۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ نانىنى ئۆزى قومۇرۇپ، ئۈستىگە بىر پارچىدىن گۆش قويۇپ، ساھابىلەرگە بىر-بىرلەپ بېرىشكە باشلىدى. ساھابىلەر ئون كىشى، ئون كىشى تىزىلىپ كېلەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە نان بىلەن گۆش بېرەتتى. نان بىلەن گۆشنى ئېلىپ بولغانلار سىرتقا چىقاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە ئون كىشى...

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قېتىم بېرىپ بولغاندا تونۇرنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قوياتتى. بېرىدىغان چاغدا ئاچاتتى. نەچچە يۈز ساھابە يەپ تويغىچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نان قومۇرۇپ ئۈستىگە گۆش ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇردى. ھەممەيلەن تولۇق يەپ، قورسىقى تويغان چاغدىمۇ تونۇردا نان بىلەن گۆش ئېشىپ قالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جابىر ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا:

– بۇلارنى سىلەر يەڭلار. ئېشىپ قالغاننى خوشنىلىرىڭلارغا بېرەرسىلەر. بۇ قېتىمقى ئاچارچىلىق كىشىلەرنى ھەقىقەتەن قىيناپ قويدى! – دېدى. (بۇخارى، «مەغازى»، 29؛ مۇسلىم، «ئەشرىبە»، 141)

جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىققا چىداپ ئىشلەش نەتىجىسىدە 5500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بىر خەندەك قېزىلدى. خەندەك بىر ئات قارشى تەرەپكە ئاتلاپ ئۆتەلمەيدىغان دەرىجىدىكى كەڭلىكتە ۋە ئىچىگە چۈشكەن كىشى يامىشىپ چىقالمايدىغان دەرىجىدىكى چوڭقۇرلۇقتا قېزىلدى. خەندەك قېزىش ئىشى دۈشمەن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن تاماملاندى.

## 3) قىيىن كۈنلەر

مۇشرىكلار مەدىنىگە كېلىپلا كۆز ئالدىدىكى چوڭقۇر خەندەكنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مەدىنىگە ئۇسۇپ كىرىپلا مۇسۇلمانلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىشنى خىيال قىلىشقانىدى.

ئۇلار خەندەكنى بويلاپ باشتىن ئاخىرىغىچە مېڭىپ باققان بولسىمۇ، مەدىنىگە كىرگۈدەك چىغىر يول تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەدىنىنىڭ ئالدىغا قارارگاھ قۇرۇپ، شەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. ئون مىڭ كىشىلىك مۇشرىكلار قوشۇنى ئالدىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۈچ مىڭ كىشىگە ئاران يېتەتتى. بۇ مۇھاسىرە 27 كۈن داۋاملاشتى.

ئۆزئارا ئوقيا ئېتىشىش ۋە تاش ئېتىشلار بىلەن جەڭ باشلاندى. مۇسۇلمانلار خەندەك ئالدىدا تۇرغان ئون مىڭ كىشىلىك مۇشرىكلار قوشۇنىغا قارشى تۇرۇشقا تىرىشۋاتاتتى. ھەقىقەتەن قىيىن ئەھۋالدا تۇرغان مۇسۇلمانلارغا تۇنجى خائىنلىقنى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار ئىلگىرى مۇسۇلمانلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىغان ئىدى. كۈچلۈك بىر قوشۇننىڭ مەدىنىنى قورشاۋغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى دەرھال تىنچلىق كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلاپ، مۇشرىكلار تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىققا



تۇتۇش قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىنى ئەۋەتكەن سەئىد بىن مۇئازنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. دۈشمەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەھۇدىيلارنىڭ خائىنلىقى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن قورقۇنچلۇق بىر ۋەقە بولدى. چۈنكى قولىدا قىلىچ تۇتقان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى سەپتە جەڭدە ئىدى. شەھەردە بولسا پەقەتلا ئاياللار، كىچىك باللار، ياشانغانلار ۋە ئاغرىق-سىلاق كىشىلەر قالغانىدى. مۇسۇلمانلار خەندەك ئالدىدا دۈشمەن بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرغاندا يەھۇدىيلارنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ ئاياللار ۋە باللارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈش ئېھتىمالى بار ئىدى. بۇنداق خائىنلىقنى مۇناپىقلار قىلىپ، ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشقا باشلىدى. مۇناپىقلار ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقى ھەققىدە سۆز-چۆچەك تارقاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن مۇشرىكلار خەندەكتىن ھالقىپ ئۆتەلمەي، مۇھاسىرە ۋاقتى ئۇزىراپ كەتكەنسىرى جان ئاچچىقىدا غالجىرلىشىپ كەتكەنىدى. قىش پەسلى بولغاچقا، سوغۇق ھاۋا جانىدىن ئۆتكەنتى. بولۇپمۇ مۇشرىكلار ۋە ئۇلار پۇل بېرىپ ياللاپ ئەكەلگەن ئەسكەرلەر ئۆزىنىڭ كۆچىگە ئىشىنىپ بىر قانچە سائەت ئىچىدە غەلبە قىلىدىغان ئەلپازدا كېلىشكەنىدى.

مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن قاتتىق ھۇجۇم باشلىدى. مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ئوقيالار يامغۇردەك چۈشۋاتاتتى. ئاتلىقلار خەندەكتىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە تىرىشۋاتاتتى. خەندەكتىن ئۆتەلىگەنلەر كېلىپ مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ سېپىغا ھۇجۇم قىلاتتى. لېكىن ئۇ مۇشرىكلارنى ھەزرىتى ئەلى بىلەن ئەسكەرلىرى دەرھال ئۇ دۇنياغا يولغا سالاتتى. كېيىنكى كۈنى شىددەتلىك جەڭ بولدى. بىر تەرەپتىن مۇشرىكلار، يەنە بىر تەرەپتىن بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئاتاكىغا ئۆتتى. تاكى كەچ كىرگۈچە ئوقيا يامغۇرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە توختىماي ياغدى. مۇسۇلمانلار ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەتراپىدىكىلەر ئۇ كۈنى ناماز ئوقۇغىدەك پۇرسەتمۇ تاپالمىدى، ئۇ كۈنكى نامىزىنى كېيىن قازاسىنى ئوقىدى.

## 4) مۇھاسىرىنىڭ ئاخىرلىششى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قىيىن كۈندە قولىنى ئېچىپ: «ئەي ئاللاھىم، قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى، تېز ھېساپ ئالغۇچى رەببىم! شۇ مۇشرىك ئەرەب قەبىلىلىرىنى تارقىتىۋەتكىن! ئىتتىپاقىنى بۇزغىن! ئىرادىسىنى بۇشاتقىن!» دەپ دۇئا قىلدى. دۇئاسى ئاخىرلاشقاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ساھابىلەرگە ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىۋاتقانلىق خوشخەۋىرىنى ئېيتتى.

بۇ خوشخەۋەر ساھابىلەرنىڭ كۆڭلىگە كۈچ قوشقانمىدۇ؟ ئىرادىسىنى چىڭىتقانمىدۇ؟
بۇ خوشخەۋەرنىڭ تەسىرى قانداق بولغاندۇ؟



بۇ پەيتتە مۇسۇلمانلار مۇشرىكلار بىلەن يەھۇدىلارنىڭ ئارىسىغا بىر جاسۇس ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزدى. مۇشرىكلار بىلەن يەھۇدىلار بىر سەپتە بولسىمۇ، بىر-بىرىگە دۈشمەنچە نەزەردە قارىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىشەنچ يوقىلىشى بىلەنلا، مۇسۇلمانلارغا قارشى بىللە ئۇرۇش قىلىش ئارزۇسىمۇ ئازايدى.

كېچە بولۇشى بىلەن قاتتىق شامال چىقىشقا باشلىدى. بوران-چاپقۇنغا ئۆزگەرگەن بۇ قاتتىق شامال قارا قۇيۇنغا ئايلىنىپ، چېدىرلارنى قومۇرۇپ تاشلىدى. ئاش پىشۇرىدىغان داش-قازانلار ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئۇچاقتىكى ئوتلار ئۆچتى. ئات، تۆگىلەر باغلاقتىن يېشىلىپ تەرەپ-تەرەپكە قاچتى. مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرى، ئېغىز-بۇرۇنلىرى چاڭ-توزاڭغا، توپىغا توشتى. ئۇلارنىڭ قارارگاھى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. مۇشرىكلارنىڭ قەلبىدە تەسۋىرلىگۈسىز بىر قورقۇنچ پەيدا بولدى. نېمىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلەلمىدى. مۇشرىكلار قاتتىق بىئارام بولۇپ، جېنى سىقىلدى. كۈنسىرى ئۇزىغان بۇ مۇھاسىرىدىن بىرەر نەتىجىنىڭ چىقماسلىقى ئۇلارنى يەتكۈچە پەرىشان قىلىپ تويغۇزغانىدى. مۇشرىكلار ئالاقزادە بولۇپ قېچىشقا باشلىدى، نۇرغۇنلىغان نەيزە، قىلىچ، قالقان، ساۋۇت-دۇبۇلغا قاتارلىق ئۇرۇش ئەشيالىرى بىلەن ئاشلىق، يېمەكلىك، ئەتراپقا قاچقان تۆگىلەرنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي جېنىنى ئېلىپ قاچتى. سەھەر بولۇپ ئالەم يورىغاندا مۇسۇلمانلار دۈشمەندىن قالغان بۇ نەرسىلەرنى يىغىپ توپلىدى. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلار مۇھاسىرىدىن ھەم ئاچلىق ئازابىدىن قۇتۇلدى.

قۇرئاندا بۇ ھالەت مۇنداق بايان قىلىنغان:

«ئاللاھ كاپىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن)نى خاپا قايتۇردى، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى، ئاللاھ (دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى) مۆمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، ئاللاھ كۈچلۈكتۇر, غالىبتۇر.»

(ئەھزاب سۈرىسى 25-ئايەت)

بۇ ئۇرۇشتا مۇشرىكلاردىن تۆت كىشى ئۆلدى، مۇسۇلمانلاردىن بەش كىشى شېھىت بولدى. ئۇرۇشتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر خوشخەۋەر بەردى:

- بۈگۈندىن كېيىن نۆۋەت بىزنىڭكى، مۇشرىكلار ئەمدى بىزگە ھۇجۇم قىلالمايدۇ. بىز ئۇلارغا بارىمىز.

خەندەك ئۇرۇشىنىڭ كەينىدىن بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ خائىنلىقىنىڭ ھېسابى سورالدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى يەھۇدى قەبىلىسىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بەردى.

101

# 7. ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمى (628-يىلى)

## 1) مۇسۇلمانلار كەبىنى سېغىندى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز يۇرتى مەككىدىن ئايرىلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىغا ئالتە يىل بولغان ئىدى. بۇ ئالتە يىل ئىچىدە ئۇلار بەدىردە، ئوھۇدتا ۋە خەندەكتە مۇشرىكلارنىڭ ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش ھۇجۇمىغا قارشى ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، بارلىق ئىنسانلارغا ئىنسانلىق شەرىپىنى بەرگەن، ھېچكىمنى ھېچكىمدىن ئۈستۈن ياكى پەس كۆرمىگەن يېڭى ۋە مۇكەممەل دىن ئىسلام تارقىلىۋاتاتتى. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز خەلقى بولغان مەككىلىكلەر بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇشى ئەتراپتىكى مۇسۇلمان ئەمەس قەبىلىلەرنىڭ ئىسلام ھەققىدە ناچار سۆز-چۆچەك قىلىشىغا سەۋەب بولىۋاتاتتى. شۇڭلاشقا، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئارزۇسى مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاش ئىدى. بۇنداقتا، جەمئىيەتتە مۇقىملىق، خاتىرجەملىك پەيدا بولۇپ، باشقا قەبىلىلەرنىڭمۇ ئىسلامنى ھەققى چۈشىنىپ تونۇشىغا يول ئېچىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن مەككىلىك مۇھاجىرلار ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ۋە ھەممە نەرسىنى شۇ يەردە تاشلاپ قويۇپ ئايرىلغان ئانا



يۇرتىنى ناھايىتى سېغىنغان ئىدى. چۈنكى ئۇلار ھەر نامازدا شۇ يۆنىلىشكە قاراپ سەجدە قىلىدىغان مۇقەددەس قىبلە كەبىنى ئالتە يىلدىن بۇيان زىيارەت قىلالمىغانتى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر چۈش كۆردى-دە، ساھابىلەرگە بۇ يىل كەبىنى زىيارەت قىلغىلى بارىدىغانلىق خوشخەۋىرىنى بەردى. كەبىنى زىيارەت قىلىشقا تەييارلىقلار تەق بولدى. 1400 كىشى قولىغا ھېچقانداق قىلىچ، قالقان، نەيزە قاتارلىق ئۇرۇش قۇرالى ئالماستىن، پۈتۈنلەي قۇرالسىز ھالەتتە مەدىنىدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىلىكلەرنى «مۇسۇلمانلار ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كېلىۋېتىپتۇ» دەپ چۆچۈتۈشنى، قورقۇتۇشنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۇنىڭ نىيىتى پەقەتلا كەبىنى زىيارەت قىلىپ قايتىش ئىدى. ئۇلار ئۇمرە ھەج قىلىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن يېنىدا يەتمىش تۇياق تۆگە ئېلىپ ماڭغانىدى.

## 2) مەككىلىكلەرنىڭ ئالاقزادە بولۇشى

مەككىلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كەبىگە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇلارنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىككە نىيەتلەندى. دەرھال ئىككى يۈز كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئەۋەتتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىدىكى جامائىتى بىلەن بىرلىكتە مەككىگە يېقىن بولغان ھۇدەيبىيەگە قەدەر كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەسۋا ئىسىملىك تۆگىسى بۇ يەردە چۆكتى. ساھابىلەر ئۇنىڭ چۈلۋۈرىنى شۇنچە كۈچەپ تارتقان بولسىمۇ، ئورنىدىن تۇرغىلى زادى ئۇنىمىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەبرەھەنىڭ پىللىرىنىڭ مەككىگە كىرىشىنى توسقان ئىلاھى قۇدرەت ئەمدى قەسۋانى ئالدىغا ماڭغىلى قويمىدى. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەككىلىكلەر ئاللاھتائالا مۇبارەك قىلغان نەرسىلەرگە ھۆرمەت قىلىش نىيىتى بىلەن مەندىن نېمە تەلەپ قىلسا، تەلىۋىنى قوبۇل قىلىمەن. تەلىۋى قانچە ئېغىر بولسىمۇ، رازى بولىمەن» دېدى.

## 3) تىنچلىق كېلىشىمى ئۈچۈن كۆرۈشۈش

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا مەككىلىك مۇشرىكلاردىن

بەزىلەر كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلدۇق، ئۇرۇش قىلىش نىيىتىمىز يوق» دېدى. مۇشرىكلار ئەۋەتكەن ۋەكىلگە:

ـ خالىساڭلار، مەككىلىكلەر بىلەن مۇئەييەن بىر مەزگىللىك تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالايلى. مەككىلىكلەر باشقا قەبىلىدىكىلەر بىلەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزگە ئارىلاشمىسۇن. باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلسا دىنىغا كىرسۇن. مەككىلىكلەر بۇنى توسمىسۇن. ئەگەر ئەرەب قەبىلىلىرى مۇسۇلمان بولمىسا، مەككىلىكلەرنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئىش بولىدۇ. ئەگەر مەككىلىكلەر باشقىلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولسا، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئىسلام يولىدا تاكى ئۆلگۈچە مەككىلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن. ئاللاھمۇ ماڭا ياردەم قىلىدۇ، دىنىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قىلىدۇ. ـ دېدى.

كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئوسماننى ۋەكىل قىلىپ مەككىگە ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئوسمان ئەبۇ سوفيان قاتارلىق مۇشرىك كاتتىۋاشلار بىلەن كۆرۈشتى. مەقسىتىنىڭ پەقەتلا كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەككىلىكلەر ھەزرىتى ئوسمانغا:

ـ ھەممىڭلارنىڭ مەككىگە كىرىشىڭلارغا رۇخسەت قىلساق، ئەرەبلەر بىزنى مۇسۇلمانلاردىن قورقتى دېيىشىدۇ. ئەگەر خالىساڭ، سەن كەبىنى تاۋاپ قىلساڭ بولىدۇ. بىراق ھەممىڭلارنىڭ تاۋاپ قىلىشىڭلارغا رۇخسەت قىلالمايمىز. ـ دېيىشتى.

ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ قانداق قىلغاندۇ؟

..............................................................................................

..............................................................................................

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى تاۋاپ قىلمىغۇچە مەنمۇ تاۋاپ قىلمايمەن! ـ دېدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ پەيغەمبىرىمىزگە بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى نامايەن قىلىدىغان بۇ سۆز مەككىلىكلەرنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈردى. ئۇلار ھەزرىتى ئوسمانغا: «سېنى قويۇۋەتمەيمىز، قايتىپ كېتىشىڭگە رۇخسەت يوق!» دەپ ئېلىپ قالدى.

## 4) رىزۋان بەيئىتى

ھەزرىتى ئوسماننىڭ كېچىكىشى مۇسۇلمانلارنى تەشۋىشلەندۈردى. بەزىلەر ئوسمان ئۆلتۈرۈلۈپتۇ دېگەندەك گەپلەرنى تارقاتتى. ئەگەر بۇ راست بولسا، بۇ دېگەنلىك مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشى دېگەنلىك بولاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بەلكىم مۇشرىكلار بىلەن تۇتۇشماي تۇرۇپ، بۇ يەردىن كەتمەيدىغان ئوخشايمىز» دېدى. كېيىن ھەر ئېھتىمالغا قارشى بىر تەدبىر سۈپىتىدە ساھابىلىرىنى «ئاللاھ يولىدا قىلىدىغان ئۇرۇشتا جېنى، مېلىنى پىدا قىلىشتىن قاچماسلىق» توغرىسىدا ئۆزىگە بەيئەت قىلىشقا چاقىردى. جېنى ۋە مېلىنى رەسۇلۇللاھنىڭ يولىدا پىدا قىلىشقا تەييار بولغان ساھابىلەر رەتلىك تىزىلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىدىكى مەقسىتى نېمە بولسا، بىز شۇنى بىجاندىل ئورۇنلاشقا، ئاللاھ يولىدا ئۆلگىچە ئۇرۇش قىلىشقا، دۈشمەندىن ھەرگىز قاچماسلىققا ۋەدە قىلىمىز! ـ دەپ بەيئەت قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئاللاھتائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى:

«ئاللاھ مۆمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى، ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئاللاھ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»

(پەتھ سۈرىسى 18 ـ 19 ـ ئايەتلەر)

مۇسۇلمانلارنىڭ رەسۇلۇللاھقا بولغان مەھكەم باغلىنىشى ۋە مۇستەھكەم ئىشەنچىسى، قەتئىي مەيداننى كۆرگەن مەككىلىكلەر بىر ئۇرۇش چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال ھەزرىتى ئوسماننى

قويۇۋەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاش ئۈچۈن بىر ئەلچىلەر ھەيئىتى ئەۋەتتى.

## 5) ئىمزالانغان تىنچلىق كېلىشىمى

مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇزۇن تالاش ـ تارتىش قىلغاندىن كېيىن كېلىشىم ئىمزالاندى. مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1. مۇسۇلمانلار بۇ يىل كەبىنى تاۋاپ قىلماي قايتىپ كېتىدۇ. كەبىگە بىر يىلدىن كېيىن كەلسە بولىدۇ. لېكىن كەبىدە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرۇشقا بولمايدۇ. كەبىگە كەلگەندە يېنىدا ھېچقانداق قورال ئېلىپ كېلىشكە بولمايدۇ.

2. مۇسۇلمانلار مەككىگە كىرگەن كۈنلەردە مۇشرىكلار مەككە سىرتىغا چىقىپ كېتىدۇ. مۇسۇلمانلار بىلەن كۆرۈشمەيدۇ.

3. مەككىلىكلەردىن بىرى مۇسۇلمانلاردىن پاناھلىق تىلىسە، بۇ پاناھلىق تىلىگەن كىشى گەرچە مۇسۇلمان بولغان تەقدىردىمۇ مەككىلىكلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلاردىن بىرەر كىشى مەككىلىكلەردىن پاناھلىق تىلىسە، مەككىلىكلەر بۇ كىشىنى مۇسۇلمانلارغا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ.

4. مەككە سىرتىدىكى باشقا قەبىلىلەر خالىسا مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەن، خالىسا مۇسۇلمانلار



بىلەن كېلىشىم ۋە ھەمكارلىق ئورناتسا بولىدۇ.

5. ئۇشبۇ كېلىشىمنىڭ ئىناۋەتلىك مۇددىتى 10 يىل. مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئون يىلغىچە ئۇرۇش، جەڭ بولمايدۇ، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىنمايدۇ.

### 5) يۈرەكنى داغلىغان ۋەقە

كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى يېزىلىپ تۇرغاندا ئەبۇ جەندەل پۇتىدىكى ئېغىر تۆمۈر كىشەننى سۆرىگەن پېتى چىقىپ كەلدى. ئۇ يېقىندا مۇسۇلمان بولغانتى. دادىسى ئۇنى ئىسلامدىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەچكە، ئۇنى زەنجىر-كىشەن بىلەن باغلاپ، ئۆيگە سولاپ قويغان ئىدى. ئەبۇ جەندەل بىر ئامال قىلىپ قېچىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا پاناھ تارتىپ كەلگەنتى. ئۇنىڭ دادىسى سۇھەيل ئوغلىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. چۈنكى كېلىشىمگە ئاساسەن، مەككىدە مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە پاناھلىق تىلەپ كەلگەنلەر مەككە تەرەپكە قايتۇرۇپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ جەندەلنى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دادىسى سۇھەيلگە چىرايلىق گەپ قىلىپ ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، ئۇ ئەبۇ جەندەلنى ئېلىپ كېتىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەبۇ جەندەل بولسا، تارتقان قىيىن-قىستاق، ئازابلىرىنى سۆزلەپ دەرت تۆكۈپ: «مېنى ھەرگىز قايتۇرۇپ بەرمەڭلار!» دەپ يالۋۇردى.

ئەگەر سىز ئۇ يەردە بولغان بولسىڭىز، ئەبۇ جەندەلگە نېمە دەيتتىڭىز؟

..........................................................................................

..........................................................................................

تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن ئەبۇ جەندەل ئامالسىز مۇشرىكلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئازابلانغان ھالدا ئەبۇ جەندەلگە قاراپ:

- ئەي ئەبۇ جەندەل، بىر ئاز سەۋرى قىلغىن. يېقىن كەلگۈسىدە ئۇلۇغ رەببىمىز ساڭا ۋە ساڭا ئوخشاش دىن ئۈچۈن جاپا تارتقانلارغا بىر چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ. - دەپ تەسەللىي بەردى.

ساھابىلەر بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى، كۆزلىرى ياشلاندى. قاتتىق بىئارام بولغان بولسىمۇ، باشقا چارە يوق ئىدى. كېلىشىمگە ئىمزا قويۇلۇپ بولغانتى.

مەككىلىكلەر بۇ ۋاقىتقىچە مۇسۇلمانلارنى ھامىنى يوقىتىمىز دەپ ئويلايتتى. ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىشى بىلەن مۇسۇلمانلارنى بىر دۆلەت سۈپىتىدە تونۇغان بولدى. بۇ كېلىشىم ئىسلامنىڭ مەدىنە سىرتىدا تارقىلىشىنىڭ مۇھىم باشلىنىشى بولدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئەتراپتىكى مۇشرىك قەبىلىلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى، مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى. ئىسلام ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىماستىن ئەركىن ھالدا تارقىلىشقا، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپىيىشكە باشلىدى.

# جەننەتنىڭ ئاچقۇچى

پەيغەمبىرىمىزنى جېنىدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭ خىزمىتىنى بىرىلىپ قىلىدىغان رابىئا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىچە تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماستىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ساقلاپ تۇردى. ئۇنىڭ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، تاھارەت سۈيى، لۈڭگە، مىسۋاك ۋە جەينامازنى ئالدىنئالا تەييارلاپ تۇرغانتى. دېگەندەك رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىشىكتىن چىقىپ كەلدى. ئۇ رابىئەنى كۆرۈپ تەبەسسۇم بىلەن سالام بەردى. ھەممە ئىش رابىئانىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولىۋاتاتتى. سۈكۈنات ئىچىدە ئارامبەخش مەنىۋى پەيزگە تولغان بىر كېچە! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تاھارەت ئېلىۋاتىدۇ. رابىئا ئۇنىڭغا سۇ قويۇپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ رابىئا ئۈچۈن ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مىنۇتلار ئىدى. ئۇ گۈزەل خىياللارنى قىلغان ھالدا رەسۇلۇللاھنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردى. پەيغەمبىرىمىز تاھارەت ئېلىپ بولغاندا لۈڭگىنى ئۇزاتتى. بۇ چاغدا كۆزى پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- رابىئا، قىلغان بۇ خىزمىتىڭنىڭ بەدىلىگە مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ - دەپ سورىدى.

رابىئا ئۈچۈن بۇ ھاياتىدىكى ئەڭ ياخشى بىر پۇرسەت ئىدى. ئۇ:

- جەننەتتە سىز بىلەن بىللە بولسامكەن ئەي رەسۇلۇللاھ! - دېدى. پەيغەمبىرىمىز:

- بۇ دۇنيالىق بىر نەرسە تەلەپ قىلمامسەن؟

- جەننەتتە سىز بىلەن بىللە تۇرۇشنى تىلەيمەن!

بۇ ھەقىقەتەن چوڭ تەلەپ ئىدى. رابىئە جەننەتتىكى مەرتىۋىلەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى بولغان «ماقامى مەھمۇد» (مەدھىيىلەنگەن مەرتىۋە)»گە چىقىش، ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پەيغەمبەر بىلەن بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز رابىئاغا:

- مەندىن بەك چوڭ نەرسە تەلەپ قىلدىڭ. باشقا بىرەر نەرسە تەلەپ قىلساڭ بولمامدۇ؟ - دېدى. رابىئا:

- پەيغەمبىرىم! مېنىڭ تەلىۋىم پەقەتلا جەننەتتە سىز بىلەن بىللە تۇرۇش! - دېدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- رابىئا، ئۇنداق بولسا سەن كۆپ ناماز ئوقۇپ، كۆپ سەجدە قىلىپ ماڭا ياردەم قىلغىن! - دېدى.

ئۇ كۈندىن كېيىن رابىئا كۆپ ناماز، كۆپ ئىبادەت قىلىدىغان بولدى. رابىئا ئۆزى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىدىغان جەننەتنىڭ ئاچقۇچىنى تاپقان ئىدى. بۇ ئاچقۇچنى ئۆلگەندىمۇ تاشلىمايدىغان دەرىجىدە چىڭ تۇتتى.

# 8. ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەلچىلەر ۋە مەكتۇپلار ئەۋەتىش

ئىسلام پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر دىن ئىدى. زېمىندا بۇزۇلمىغان بىردىنبىر توغرا، ھەق دىن ئىدى. شۇڭا بۇ دىن پەقەت ئەرەبىستاندىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بىلدۈرۈلۈشى كېرەكتى. ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىدىن كېيىن مەككىلىك مۇشرىكلارمۇ ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلالمىدى. ئىسلام يىراقتىكى ئەللەرگىمۇ بىلدۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدىن مەدىنىگە قايتقاندىن كېيىن ساھابىلەر بىلەن بۇ ھەقتە مەسلىھەتلەشتى. چوڭ دۆلەتلەر، خوشنا دۆلەتلەر ۋە بەزى ئەرەب بەگلىكلىرىگە ئەلچىلەر بىلەن مەكتۇپ ئەۋەتىش قارار قىلىندى. تامغا ياكى مۆھۈر سۈپىتىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۈستىگە «مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ» دېگەن خەت ئويۇلغان بىر كۈمۈش ئۈزۈك ياسالدى. پادىشاھلارغا ئەۋەتىلىدىغان مەكتۇبلارغا تامغا بېسىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىغا ئايرىم-ئايرىم مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتتى. قەھرىمان، جەسۇر ساھابىلەر بۇ مەكتۇپلارنى تاغ-داۋان، چۆل، دېڭىز-ئوكيانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ مەنزىلگە يەتكۈزدى. بۇ جەرياندا جاللاتلارنىڭ پارقىراپ تۇرغان قىلىچلىرى، پادىشاھلارنىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدىن قورقمىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىسلامغا دەۋەت مەكتۇبىنى ئادرېسىغا ساق-سالامەت يەتكۈزۈشتىن ئارتۇق شان-شەرەپ يوق ئىدى.

تۆۋەندىكىلەر بۇلاردىن بىر قانچىسى:

### 1) ۋىزانتىيە پادىشاھى ھېرەقلىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھېرەقلىگە يازغان مەكتۇبىنى ھەلىفەنىڭ ئوغلى



دېھىيەتۇل كەلبى ئېلىپ باردى. ئۇ چاغدا ھېرەقلى قۇددۇستا (ئېرۇسالىمدا) ئىدى. پادىشاھ ھېرەقلى دېھىيەنى ياخشى كۈتىۋالدى ۋە پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن، شۇ جايدا تىجارەت قىلىۋاتقان ئەرەب تىجارەتچىلەرنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرىدى. مەككىدىن كەلگەن بىر تىجارەت كارۋىنى ئۇ پەيتتە شۇ جايدا ئىدى. بۇ كارۋاندا مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋېشى ئەبۇ سوفيانمۇ بار ئىدى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن سوئال سوراپ گېپىنى ئاڭلىدى. بۇ سورۇندا ھېرەقلىنىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭ خەلقىدىن خرىستىئان راھىپلارمۇ بار ئىدى.

- مۇھەممەدنىڭ نەسەبى قانداق؟
- ئۇ ئېسىل نەسەپلىك.
- ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەنلەر خەلقنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى تەبىقىلەر ۋە بايلارمۇ؟ ياكى نامرات ئاجىزلارمۇ؟
- كۆپىنچىسى نامرات ۋە ئاجىز كىشىلەر.
- ئۇنىڭ دىنىغا كىرىۋاتقانلار كۈنسىرى كۆپىيىۋاتامدۇ؟ ياكى ئازىيىۋاتامدۇ؟
- كۆپىيىۋاتىدۇ.
- بۇ دىنىغا كىرگەندىن كېيىن رايى يېنىپ دىندىن چىقىپ كەتكەنلەر بارمۇ؟
- يوق.
- ئۇ ئىلگىرى يالغان گەپ قىلىپ باققانمۇ؟
- ياق، ئىلگىرى پەقەت يالغانچىلىق قىلىپ باقمىغان.
- ئۇ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ باققانمۇ؟
- ياق، ئەسلا ئۇنداق بولمىغان.
- ئۇ سىلەرنىڭ نېمە قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؟
- پەقەتلا ئاللاھقا بەندە بولۇڭلار، ئاللاھقا ھېچكىمنى شېرىك قىلماڭلار دەيدۇ. ئاتا-بوۋىمىز چوقۇنغان بۇتلارنى تاشلىۋېتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بىزنى ناماز ئوقۇشقا، دۇرۇس، ھەققانىي بولۇشقا، ئىپپەت-نومۇسلۇق بولۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئاڭلىغۇسى بار گەپلەرنى ئاڭلىغان ھېرەقلى ھاياجانلانغان ھالدا:

- ئەگەر دېگەنلىرىڭلار راست بولسا، بىز ياشاۋاتقان بۇ يەرلەر پات يېقىندا ئۇنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. بىر پەيغەمبەرنىڭ يېقىندا كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن ئۇنى سىلەر ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلەيدىغان ئىش بولسا، چوقۇم كۆرۈشۈشكە تىرىشقان بولاتتىم. ئۇنىڭ يېنىدا بولغان بولسام پۇتىنى يۇيۇپ، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغان بولاتتىم. - دېدى.

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىنى ئۈنلۈك ئوقۇتتى:

«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەدتىن رۇملارنىڭ كاتتىسى ھېرەقلىگە:

ھىدايەت يولىدا ماڭغانلارغا سالام بولسۇن. بۇندىن كېيىن مەن سېنى ئىسلامغا كىرىشكە، ئىسلامىي دەۋەت خىزمىتىگە قاتنىشىشقا چاقىرىمەن. مۇسۇلمان بولساڭ نىجاتلىققا ئېرىشىسەن. ئاللاھ ساڭا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىدۇ. ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلمىساڭ، خەلقنى توغرا دىنغا باشلىمىغانلىق مەسئۇلىيىتى سېنىڭ ئۈستۈڭگە يۈكلىنىدۇ.»

پادىشاھ ھېرەقلىنىڭ سۆزى بىلەن بۇ مەكتۇپ ئۇ سورۇندىكى خرىستىئان پوپلارنىڭ قاتتىق ئاچچىغىنى كەلتۈردى. مەكتۇپ ئوقۇلغان سارايدا غۇدىراشقان، ۋاقىراشقان ئاۋازلار كۆتىرىلدى. ھېرەقلى بۇ ئىشنىڭ يامان نەتىجە چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپ، دېھىيە بىلەن ئەرەپ سودىگەرلەرنى سىرتقا چىقىرىۋەتتى. يېنىدىكىلەرگە «مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا قانچىلىك چىڭ تۇرىدىغانلىقىڭلارنى سىناش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنتىم» دەپ گېپىنى ئۆزگەرتىپ ئىشنى جىمىقتۇردى. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ ھېرەقلى سەلتەنىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئىمان ئېيتمىدى. لېكىن دېھىيەگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇنىڭغا سوۋغا-سالاملارنى تەقدىم قىلىپ، يېڭى دىنغا كىرىش تەكلىۋىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى.

## 2) ئىران پادىشاھى خۇسرەۋ پەرۋىزنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىران پادىشاھى خۇسرەۋ پەرۋىزنى دىنغا دەۋەت قىلىپ ئەۋەتكەن مەكتۇبىنى ئابدۇللاھ بىن خۇزافە ئېلىپ باردى.

مەكتۇبىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەدتىن ئىران دۆلىتىنىڭ پادىشاھى خۇسرەۋگە: ھىدايەت يولىدا ماڭغۇچىلارغا، ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتقانلارغا، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق دەپ ئۇنىڭ يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرگە سالام بولسۇن! ئەي پادىشاھ، سېنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىمەن. چۈنكى مەن تىرىكلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن پۈتكۈل ئىنسانلارغا يول كۆرسەتكۈچى، يولباشچى سۈپىتىدە ئەۋەتىلدىم. ئەي پادىشاھ، مۇسۇلمان بولساڭ نىجادلىققا ئېرىشىسەن. ئەگەر مۇسۇلمان بولمىساڭ، خەلقىڭنىڭ ئىچىدىكى مەجۇسىيلارنىڭ (ئاتەشپەرەسلەرنىڭ) گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ.»

ئىران پادىشاھى خۇسرەۋ كىسرا بۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ غەزەپلىنىپ يىرتىۋەتتى. مەكتۇپنىڭ يىرتىلىپ تاشلانغانلىق خەۋىرى كەلگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇنىڭ ئۆزى، دۆلىتى يىرتىلغان مەكتۇپ كەبى پارچە-پارچە بولغاي! - دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ خۇسرەۋ پەرۋىزنى ئوغلى شىرۋەي قورسىقىنى يېرىپ ئۆلتۈردى. كېيىنكى يىللاردا پۈتكۈل ئىران زېمىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

## 3) ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ئەسھەمەگە مەكتۇپ

ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ئەسھەمە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئەمر بىن ئۇمەييە ئارقىلىق بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئىلگىرى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى جافەر بىن ئەبۇ تالىبقا نەجاشى ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنى توسۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان بىلەن ياشىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەنتى. ئۇنىڭغا ئەۋەتىلگەن مەكتۇبنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدتىن ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىغا، ئەي ھۆكۈمدار، مۇسۇلمان بولغىن. ئاللاھ ساڭا بەرگەن نېمەتلەر ئۈچۈن خۇشالمەن. سەن ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. ئاللاھ ئۇنى ئىپپەت-نومۇسلۇق پاك قىز مەريەمدىن دادىسىز ھالدا دۇنياغا كەلتۈردى. لېكىن خرىستىئانلار ئۇنى ئىلاھلاشتۇردى. ئەي پادىشاھ، سېنى شېرىكى ۋە تەڭدىشى يوق يېگانە ئاللاھقا بويسۇنۇشقا، ماڭا ۋە قۇرئانغا ئىتائەت قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن. چۈنكى مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمەن. سېنى ۋە خەلقىڭنى ئاللاھنىڭ دىنىغا كىرىشكە چاقىرىمەن. نەسىھىتىمنى قوبۇل قىلىپ، نىجادلىق يولىغا كىرگەنلەرگە سالام بولسۇن!»

ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ئەسھەمە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جاۋاب مەكتۇبى يوللاپ، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى:

«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم، نەجاشى ئەسھەمەدىن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئەي رەسۇلۇللاھ، يەككە-يېگانە بىر ئىلاھ بولغان ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىزگە بولسۇن! سىزنىڭ مەكتۇبىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئاسمان-زېمىننىڭ رەببى ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئىسا پەيغەمبەر ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭىز توغرا. ئىسا پەيغەمبەرنىڭ دېگەنلىرىمۇ سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىزغا ئوخشايتتى. مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سىز ئاللاھنىڭ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلىرىنى تەستىقلىغۇچى راستچىل پەيغەمبەر. مەن سىزگە بەيئەت قىلىمەن. ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدۇم.»

بىر دۆلەت رەھبىرىنىڭ ئىمان ئېيتىپ ئىسلامغا كىرىشى سىزنىڭچە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قانچىلىك خۇشال قىلغاندۇ؟

..........................................................................

..........................................................................

# 9. خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى (628-يىلى)

## 1) خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ ئۇرۇش قىلغۇسى بار

خەيبەر مەدىنىگە 170 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يەھۇدى شەھرى ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ يەتتە قەلئەسى بولۇپ، شەھەر ئىچىدە خورمىلىق باغلار، مۇنبەت ئېتىزلىقلار بار ئىدى. ئىلگىرى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىلگەن يەھۇدىلارمۇ خەيبەر شەھرىگە كېلىپ يەرلەشكەنتى. ئۇلار مۇشرىك ئەرەب قەبىلىلىرىنى مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا كۈشكۈرتەتتى. خەندەك ئۇرۇشىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ مۇشۇ يەھۇدىلارنىڭ قۇتراتقۇلۇقى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرلىكلەر بىلەن تىنچ ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ھۇدەيبىيەدىن قايتىپ كېلىپلا خەيبەرگە تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ خەۋەر ئەۋەتتى. لېكىن خەيبەر يەھۇدىيلىرى بۇنى رەت قىلىشتى. ئەكسىچە ئۇلار خوشنىسى غەتەفان قەبىلىسى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلاندى. چۈنكى ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدە مۇسۇلمانلار مەككىلىكلەرنىڭ ئېغىر شەرتلىرىگە ماقۇل دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئاجىز، بىچارە دەپ ئويلاپ قالغانتى. ھالبۇكى، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەستى. مۇناپىقلارمۇ خەيبەرلىكلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتىۋاتاتتى. غەتەفان قەبىلىسى يەھۇدىلار بىلەن بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ماقۇل بولدى. بۇ ئەھۋالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەن ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈشتىن ئاۋۋال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، غەتەفان قەبىلىسىنىڭ يولىنى توسۇشنى قارار قىلدى-دە، 2000 ئاتلىق، 1600 پىيادە ئەسكەر بىلەن خەيبەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

## 2) خەيبەر قەلئەلىرى پەتھ قىلىندى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامداتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن خەيبەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەتىگەندە ئېتىزلىققا ئىشقا بېرىش ئۈچۈن كەتمەن، گۈرجەكلىرىنى ئېلىپ ئۆيىدىن چىقىۋاتقان يەھۇدىلار كۆز ئالدىدا مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنى كۆرۈپلا ھەيرانلىقتا: «مۇھەممەد، ۋاللاھى مۇھەممەد ۋە ئەسكەرلىرى كەپتۇ!» دەپ ۋاقىراشقىنىچە قەلئەلىرىگە قاراپ قېچىشتى. خەيبەرنىڭ يەتتە قەلئەسى ئىچىدە ئەڭ مۇستەھكەم بولغىنى ئۇرۇش تەييارلىقى تاماملىنىپ بولغان قامۇس قەلئەسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كۆپ مىقداردا قورال-ياراق، ئاشلىق، يېمەك-ئىچمەك بار ئىدى. يەھۇدىلار ئۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىنىپ بولغانتى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇتتۇرىغا قويغان تىنچلىق تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. يىگىرمە كۈن داۋاملاشقان مۇھاسىرە ئۇرۇشىدىن كېيىن قامۇس قەلئەسىدىن باشقا ئالتە قەلئە ئارقا-ئارقىدىن تەسلىم بولدى. ھەر كۈنى مۇسۇلمان قوماندانلار باشچىلىقىدا قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ ھېچبىر نەتىجىسى بولمايۋاتاتتى. قامۇس قەلئەسىنى پەتھى قىلغىلى بولمىدى. ئاخىرىدا بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

- ئەتە بايراقنى شۇنداق بىر كىشىگە بېرىمەنكى، ئاللاھتائالا خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشىنى ئۇنىڭغا نېسىپ قىلىدۇ. ئۇ كىشى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. - دېدى.

بۇ ئۇلۇغ شان-شەرەپنىڭ كىمگە نېسىپ بولىدىغانلىقىنى بىلىنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ھەممەيلەن «ئەجەبا ئۇ خوشخەۋەر بېرىلگەن كىشى مەن بولالارمەنمۇ؟» دېگەن ئۈمىدتە ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇردى. سەھەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئەلى قەيەردە؟ ئۇنى چاقىرىپ كېلىڭلار!

- دېدى.

ئۇ كۈنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۆزى قاتتىق

ئەگەر سىز ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئورنىدا بولسىڭىز، قانداق ئويلايتتىڭىز؟

............................................................

............................................................



ئاغرىپ قالغانتى. بۇ سەۋەبتىن ھېچكىم بايراقنىڭ ئۇنىڭغا بېرىلىشىنى ئويلاپ باقمىغانتى.

ساھابىلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ، ئەلىنىڭ كۆزى ئاغرىپ قاپتۇ. - دېيىشتى.

ھەزرىتى ئەلىنى ساھابىلەر قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ كۆزىگە سۈپلىدى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۆزى دەرھال ساقايدى. خۇددى ھېچ ئاغرىمىغاندەك ھالەتكە كەلدى. ئاندىن پەيغەمبىرىمىز بايراقنى ئەلىگە تۇتقۇزدى. ھەزرىتى ئەلى يەھۇدىيلارنى ئاۋۋال ئىسلامغا چاقىردى. بىراق يەھۇدىيلار بۇنى قوبۇل قىلمىدى. تىنچلىق تەكلىۋىگىمۇ يېقىن كەلمەي ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. ھەتتا قەھرىمانلىق مەدھىيىلەنگەن شېئىرلارنى ئوقىغاچ مۇسۇلمانلارنى جەڭگە چاقىردى. ئاندىن يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك چەۋەنداز مەرھاب قەلئەدىن چىقىپ:

- مەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالىغۇدەك يىگىت بارمۇ؟ - دەپ ۋاقىرىدى.

ئۇنىڭغا جاۋابەن ھەزرىتى ئەلى مەيدانغا چۈشتى. ھەزرىتى ئەلى باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ بۇ كۈچلۈك يەھۇدىينى يەرگە يىقىتتى. مەرھاب ئۆلۈش بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى.

111

قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى ئاجىزلاشتى، ئۇزۇن تىركىشەلمىدى. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قەلئەنى تەسلىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەيبەر پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۆتتى. ھەزرىتى ئەلى خەيبەر فاتىھى بولدى. بۇ ئۇرۇش جەريانىدا يەھۇدىيلاردىن 93 كىشى ئۆلدى. بۇنىڭغا چۈشلۇق مۇسۇلمانلاردىن 15 كىشى شېھىت بولدى.

### 3) رەسۇلۇللاھتىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن سۈيىقەست قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەردە بىر قانچە كۈن قالدى. يەھۇدىيلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلدى. بىراق يەھۇدىيلار رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر سۈيىقەست پىلانلىدى. يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ھارىسنىڭ قىزى زەينەپ بىر زىياپەت تەييارلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۇنىڭ بەزى ساھابىلىرىنى بۇ زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. داستىخانغا كۈچلۈك زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان قوي گۆشى قويۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ گۆشتىن ئاغزىغا بىر پارچە سېلىپلا ئۇنىڭ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرھال ئاغزىدىن چىقاردى-دە، «بۇ گۆشتە زەھەر باركەن، ساھابىلىرىم سىلەرمۇ يېمەڭلار» دېدى. لېكىن بىشىر بىن بەرا بۇ گۆشتىن بىر قانچە چىشلەم يېگەن ئىدى. ئۇ زەھەرلىنىپ شۇ يەردە نەق مەيداندا ئۆلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلاردىن نېمشقا بۇنداق قىلغانلىقىنى سورىۋىدى، يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا:

- ئەگەر يالغانچى بولساڭ سەندىن قۇتۇلايلى، ئەگەر راست پەيغەمبەر بولساڭ، بۇ زەھەر ساڭا كار قىلمايدۇ دەپ شۇنداق قىلدۇق. - دەپ ھەييارچە جاۋاب بەردى.

گۆشكە زەھەر ئارىلاشتۇرغان ئايالمۇ گۇناھىنى ئىنكار قىلمىدى:

- دادام، تاغام، ئېرىم ۋە ئاكا-ئۇكىلىرىم ھەممىسى ئۇرۇشتا ئۆلدى. شۇڭا سەندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلدىم.

# 10. ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن كەبىنى تاۋاپ قىلىش (629-يىلى)

ھۇدەيبىيەدە ئىمزالانغان تىنچلىق كېلىشىمنامىسىدە بېكىتىلگىنىدەك رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يىلدىن كېيىن ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ساھابىسى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىدىن مەككىگە كەلدى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا ئالدىنقى يىلى بەرگەن ۋەدىسى بويىچە مەككىدىن چىقىپ كېتىشتى-دە، شەھەر ئەتراپىدىكى ئېگىزلىكلەرگە تىككەن چېدىرلىرىدا تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا قىزىقسىنىپ قاراپ تۇرۇشتى.

ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن كەبىنى تاۋاپ قىلماقچى بولغان مۇسۇلمانلار كۆڭلىدە قانداق ھېس قىلىشقاندۇ؟ نېمىلەرنى قىلغاندۇ؟

..........................................................................

..........................................................................



مۇسۇلمانلار چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە مەككىگە كىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسى قەسۋاغا مىنگەن ئىدى. بارلىق مۆمىنلەرنىڭ قەلبىدىن چىققان «ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!... لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيك!...» نىدالىرى مەككە ئاسمىنىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. يىللاردىن بۇيان شۇنچىلىك سېغىنغان كەبە مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار ئۆتكەن يىلى ئادا قىلالمىغان ئۆمرە ھەججىنى بۇ يىل ئادا قىلدى. مۇسۇلمانلار كەبىدە ئۈچ كۈن تۇردى. بۇ جەرياندا مۇشرىكلار يىراقتا تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت، ئىش-ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزەتتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

- بۇ مۇسۇلمانلار نېمىدېگەن ئېسىل ۋە سالاپەتلىك-ھە!

- ئۇلار خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر ئىچىدە ئۆزئارا قېرىنداش بولۇپ، ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ، ئىبادەت قىلىشىدىكەن.

- بىزدەك مەست بولۇپ جەڭگى-جېدەل قىلىشمايدىكەن.

- شۇنداق، ئۇلار ھەقىقەتەن ئەدەپ-ئەخلاقلىق، پاك-پاكىز، مۆتىۋەر ئىنسانلار ئىكەن.

- ئىبادەت قىلغاندا، سۆھبەت، پاراڭ قىلىشقاندا بىر-بىرىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىدىكەن. بىر-بىرىنىڭ ھەققىگە ھۆرمەت قىلىدىكەن. ھەرگىزمۇ بىزدەك قوپال ئەمەسكەن.

- شۇنداق، قارىغىنا، ئۇلار دائىما ئاللاھقا ئىتائەت، ئىبادەت قىلىدىكەن، كۆڭلى ھۇزۇر ئىچىدە ئىكەن.

- ھەقىقەتەن شۇنداق، ئۇلار نېمىدېگەن ئېسىل ئادەملەر-ھە!

مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئىبادەتتىكى ئەستايىدىللىقى مەككىلىك مۇشرىكلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. يىراقتىن دۈشمەن كۆرگەن مۇسۇلمانلارنى يېقىندىن تونۇغانسىرى، ئۇلارغا ھەيران بولۇشقا باشلىدى. ھەتتا ئىچىدە ئاھ ئۇرۇپ: «كاشكى، مەنمۇ مۇسۇلمان بولغان بولسامچۇ!» دەيدىغانلار پەيدا بولدى.

# 11. مۇتە ئۇرۇشى (629-يىلى)

**1) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئۆلتۈرۈلدى**

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پادىشاھ، ھۆكۈمدارلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەلچىلەر ئەۋەتكەندە سۈرىيەدىكى بۇسرانىڭ ۋالىيسى شۇراھبىلغىمۇ بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتكەنتى.



ۋىزانتىيەگە بېقىندى خرىستىئان شۇراھبىلگە يېزىلغان مەكتۇبنى ھارىس بىن ئۇمەير ئېلىپ باردى. ھارىس شۇراھبىلنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنى مۇئتە بازىرىدا تاپتى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ مەكتۇبنى بەردى. شۇراھبىل مەكتۇبنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىنتايىن تەكەببۇر ھالەتتە قوپاللىق قىلىپ ئەلچى ھارىسنى ئۆلتۈرگۈزىۋەتتى. بۇ قىلمىش دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھۆرمەت ۋە قائىدە-پرىنسىپلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ئىدى. ئەلچى ئەۋەتكۈچىگە بولغان ئېغىر ھاقارەت ۋە ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىناتتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىسلامنىڭ شەرىپى ۋە ئىززىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۈچ مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەييارلىدى. زەيد بىن ھارىس قوماندانلىقىدىكى بۇ قوشۇننى خائىن شۇراھبىلنى جازالاش ئۈچۈن ئەۋەتتى. قوشۇننىڭ قوماندانلىرىغا:

- ئاۋۋال ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىڭلار. رەت قىلسا ئۇرۇشۇڭلار. لېكىن ئۇششاق باللارغا، ياشانغانلارغا، ئاياللارغا زىيانكەشلىك قىلغۇچى بولماڭلار. بىگۇناھ خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى يىقماڭلار. ھايۋانلارغا، دەل-دەرەخلەرگە زىيان سالماڭلار. - دەپ جېكىلىدى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

- ئەگەر ئۇرۇشتا زەيد شېھىت بولسا، جافەر قوماندان بولسۇن. جافەرمۇ شېھىت بولسا، ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى رەۋاھە قوماندانلىق قىلسۇن. ئەگەر ئۇمۇ شېھىت بولسا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن بىرەيلەننى قوماندان

قىلىپ تەيىنلىسۇن!

### 2) دۈشمەننىڭ كۈچى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تەڭداشسىز جاسارىتى

مۇسۇلمانلار سۈرىيە تەۋەسىگە كىرىپ بولغاندا مەلۇم بولدىكى، ئۇلار ئۇرۇشماقچى بولغان دۈشمەننىڭ ئەڭ ئاز يۈز مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى بار ئىدى. قورال-ياراق، ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى جەھەتتىنمۇ تولۇق قوراللانغان غايەت مۇنتىزىم قوشۇن ئىدى. بۇنىڭغا قارشى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئارانلا ئۈچ مىڭ كىشى ئىدى. قوماندان زەيد قوشۇندىكى چوڭلار بىلەن يىغىلىپ ئەھۋالنى مەسلىھەتلەشتى.

يۈز مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم قوراللانغان بىر قوشۇن ئالدىدا قورال-ياراقلىرى ئاز ئۈچ مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن نېمىلەرنى قىلالايدۇ؟ ياكى بولمىسا ئەھۋالنى رەسۇلۇللاھقا مەلۇم قىلىپ ئۇنىڭدىن كېلىدىغان يوليورۇق بويىچە ھەرىكەت قىلسۇنمۇ؟ لېكىن بۇ يەرگە دېمىسىمۇ جەڭ قىلىش ئۈچۈن كەلمىگەنمىدى؟ ئۇرۇشماي ئارقىغا قايتقىلى بولمايدۇ! ئابدۇللاھ بىن رەۋاھە بارلىق تەرەددۇتلەرنى يوق قىلدى:

— قېرىنداشلار، سىلەرنى ئىككىلەندۈرگەن نەرسە بىزنىڭ ئەسلى مەقسىتىمىز، شېھىت بولۇشتۇر. دىنىمىزنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن ئۇرۇشايلى! ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى! بۇ ئىككىسى نېمىدېگەن ياخشى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟!

ئابدۇللاھنىڭ بۇ سۆزى قەھرىمان مۆمىنلەرنىڭ ئىمان ۋە جىھاد تۇيغۇسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ھەممىسى:

— رەۋاھەنىڭ ئوغلى توغرا ئېيتتى! جەڭ قىلايلى! — دېيىشتى.

### 3) شاھادەت شەربىتى ئىچىش نۆۋىتى

ئىككى قوشۇن مۇئتەدە ئۇچراشتى. بايراقنى تۇتقان زەيد باتۇرلۇق بىلەن ئالدىغا ئېتىلدى. قەھرىمانلارچە ئۇرۇشتى. ئۆلۈمدىن قورقمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. لېكىن دۈشمەننىڭ نەيزىلىرى ئارىسىدا شېھىت بولدى. زەيد شېھىت بولغاندىن كېيىن بايراقنى دەرھال جافەر قولىغا ئالدى. قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى. ئوڭ قولى كېسىلىپ كەتكەندە بايراقنى سول قولىدا تۇتتى. سول قولىمۇ كېسىلگەندە بايراقنى بىلەكلىرى بىلەن قۇچاقلاپ تۇتتى. ئېغىر يارىلانغان بولسىمۇ ئەڭ ئاخىرقى نەپسىگىچە بايراقنى چۈشۈرمىدى. ئاخىرى ئۇمۇ شېھىت بولدى. جافەردىن كېيىن بايراقنى ئابدۇللاھ بىن رەۋاھە قولىغا ئالدى. ئۇ شېئىر-قوشاقلارنى ئېيتقاچ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى. پۈتۈن بەدىنى ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكىچە توختىماي ئۇرۇشتى. ئۇ شېھىت بولۇش بىلەن ئەسكەرلەر قوماندانسىز قالدى-دە، مۇسۇلمانلار سان جەھەتتە ئۆزىدىن ئوتتۇز قېرىق ھەسسە كۆپ بولغان دۈشمەن قوشۇنى ئالدىدا ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. لېكىن ھەربىي ئىشلاردا ئۈستۈن تالانت ئىگىسى بولغان خالىد بىن ۋەلىد تارقىلىشقا باشلىغان ئەسكەرلەرنى يىغدى. ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇتتى. ھالبۇكى، ئۇ تېخى يېڭىلا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. مۇسۇلمانلار خالىدنىڭ ئەتراپىغا يېڭىۋاشتىن توپلاندى. خالىد قوماندان بولدى. بايراقنى ئېگىز تۇتقان پېتى قاراڭغۇ چۈشكىچە جەڭ قىلدى. ئۇ كۈنى ئۇنىڭ قولىدا توققۇز قىلىچ پارچىلاندى. شۇ كۈندىن باشلاپ خالىدقا «سەيفۇللاھ» (ئاللاھنىڭ قىلىچى) دېگەن نام بېرىلدى. كېچە بولۇشى بىلەن خالىد ئەسكەرلەرنى قايتىدىن تەرتىپكە سالدى. ئالدى تەرەپتىكىلەرنى ئارقىغا، ئارقىدىكىلەرنى ئالدىغا، ئوڭ تەرەپتىكىلەرنى سولغا، سول تەرەپتىكىلەرنى ئوڭ تەرەپكە يۆتكىدى.

خالىدنىڭ ئەسكەرلەرنىڭ رەت تەرتىپىنى بۇ خىل شەكىلدە ئۆزگەرتىشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن؟

ئەتىسى كۈنى دۈشمەنلەر كۆز ئالدىدا ناتونۇش ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ، مۇسۇلمانلارغا يېڭى ئەسكەرلەر ياردەمگە كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاشتى. خالىد تاڭ سەھەردە دۈشمەنگە تويۇقسىز قاتتىق ھۇجۇم قىلىش بىلەن دۈشمەن قوشۇنى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. خالىد بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەسكەرلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن چېكىندۈرۈپ چىقتى. ئېغىر زىيانغا ئۇچرىماستىن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. يۈز مىڭ كىشىلىك دۈشمەنگە قارشى قىلىنغان بۇ شىددەتلىك ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلاردىن پەقەتلا ئون ئىككى كىشى شېھىت بولدى.

# جافەرنىڭ يېتىملىرى

ھەزرىتى جافەرنىڭ ئايالى ئەسما بىنتى ئۇمەيس مۇنداق دەيدۇ:

قوشۇن مۇئتە ئۇرۇشىدىن قايتىپ كېلىشكە بىر قانچە كۈن قالغان ئىدى. ئېرىم جافەرنىڭ قايتىپ كېلىشىنى باللىرىم بىلەن بىللە ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۈتىۋاتاتتۇق. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيىمىزگە كەلدى. ئۇ كۈنى نان يېقىش ئۈچۈن خېمىر يوغۇرغاندىن كېيىن، باللىرىمنىڭ يۈزلىرىنى يۇيۇپ، چېچىنى تارىغان ئىدىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەندىن:

- ئەسما، جافەرنىڭ باللىرى قېنى؟ - دەپ سورىدى.

باللار كېلىشى بىلەن ئۇلارنى بىر-بىرلەپ باغرىغا باستى، سۆيدى، قۇچاقلىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا:

- ئى رەسۇلۇللاھ، نېمىشقا يىغلايسىز؟ نېمىشقا باللىرىمغا يېتىم باللارغا قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىسىز؟ يا بولمىسا جافەر ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىدىن بىرەر شۇم خەۋەر كەلدىمۇ؟ - دېدىم.

رەسۇلۇللاھ:

- شۇنداق، ئۇلار بۈگۈن شېھىت بولدى. - دېدى.

- ۋاي مېنىڭ ئېرىم، ۋاي ئىسسىت جافەرىم! - دەپ يىغلاشقا باشلىدىم.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ فاتىمەنىڭ يېنىغا بېرىپ:

- جافەرنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن تاماق تەييارلاڭلار. ئۇلار بۈگۈن ماتەمدە. - دېدى.

بىزگە ئۈچ كۈن توختىماي تاماق كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىپ:

- ئەمدى قېرىندىشىم ئۈچۈن يىغلىماڭلار. بۈگۈندىن باشلاپ قېرىندىشىمنىڭ باللىرىنى بېقىش مېنىڭ ۋەزىپەم! - دېدى.

# سوئاللار

## قانچىلىك ئۆگەندىم؟

1. ئوھۇد ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمىنى ئارزۇ قىلاتتى؟ ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن قانداق قىلىشنى قارار قىلدى؟

2. ئەينەين ئېگىزلىكىدىكى ئوقچىلار تۇرۇشقا بۇيرۇلغان يېرىدىن نېمە ئۈچۈن ئايرىلىشتى؟

3. ئوھۇد ئۇرۇشىدا ئەگەر ئوقچىلار تۇرۇشقا بەلگىلەنگەن يېرىدە چىڭ تۇرغان بولسا ئىدى، ئۇرۇش ۋەزىيىتى سىزنىڭچە قانداق بولغان بولاتتى؟

4. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ھەمزىگە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتى ئوھۇد شېھىتلىرى ئۈچۈن ئوقۇلغان مېيىت نامىزىدا قانداق ئىپادىلەندى؟

5. مۇشرىكلار زەيدنى شېھىت قىلىشتىن ئىلگىرى «ھازىر سېنىڭ ئورنۇڭدا بۇ يەردە پەيغەمبەرنىڭ بولۇشنى خالامسەن؟» دەپ سورىغاندا زەيد ئۇلارغا قانداق جاۋاب بەرگەن؟

6. ئايەتتە ھاراق بىلەن بىللە مەنئىي قىلىنغان ۋەشەيتانىنىڭ ئىشى، قەبىھ ئىش دېيىلگەن باشقا نەرسىلەر قايسىلار؟

7. ئۇزۇن ۋاقىت ھەق پەيغەمبەرنى ئىزدەپ يۈرگەن سەلمان پارسىي بۇ ھەق پەيغەمبەرنى تونۇش ئۈچۈن بىلىۋالغان ئۈچ ئالامەت قايسى؟

8 خەندەك ئۇرۇشى ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالېندارى بويىچە قانچىنچى يىلى يۈز بەرگەن؟

..........................................................................................

..........................................................................................

9. خەندەك ئۇرۇشىدا ۋەزىيەت مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇبىيىتى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقاندا قانداقلارچە مۇسۇلمانلار تۇساتتىن غەلبە قىلدى؟

..........................................................................................

..........................................................................................

10. ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى نېمە؟

..........................................................................................

..........................................................................................

..........................................................................................

11. پەيغەمبىرىمىز ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىنى ئىمزالىغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلاردىن پاناھلىق تىلەپ كەلگەن ئەبۇ جەندەلنى نېمىشقا قايتۇرىۋەتتى؟

..........................................................................................

..........................................................................................

..........................................................................................

..........................................................................................

12. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پادىشاھلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان مەكتۇبىدا ئۇلاردىن نېمىنى تەلەپ قىلدى؟

..........................................................................................

..........................................................................................

..........................................................................................

..........................................................................................

13. يەھۇدىلار قانداق باھانە-سەۋەب بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى؟

..........................................................................................

..........................................................................................

14. ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن بىر يىل كېيىن مۇسۇلمانلار كەبىنى تاۋاپ قىلغاندا مۇشرىكلار ئۇلار ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلاشتى؟

..........................................................................................

..........................................................................................

..........................................................................................

..........................................................................................

15. مۇئتە ئۇرۇشىدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان ئۈچ ساھابە كىم؟ بۇ ئۈچ ساھابە شېھىت بولغاندىن كېيىن قوشۇنغا كىم قوماندان بولدى؟

..........................................................................................

..........................................................................................

..........................................................................................

..........................................................................................

## توغرا جاۋابنى تاللاڭلار

1. ئوھۇد ئۇرۇشى مىلادى قانچىنچى يىلى يۈز بەردى؟

A) 623

B) 624

C) 625

D) 626

2. ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قارار قىلىشتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايسى جەھەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى؟

A) جاسارەت

B) راستچىللىق

C) ساھابىلەر بىلەن مەسلىھەت

D) قەھرىمانلىق

3. ئوھۇد ئۇرۇشى ئۈچۈن سەپەرگە چىققاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدە كىمنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قويدى؟

A) ھەزرىتى ئەلى

B) ھەزرىتى ئوسمان

C) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم

D) زەيد ئىبنى سابىت

4. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەينەين ئېگىزلىكىنى ساقلاشقا بۇيرىغان ساھابىلىرىگە نېمىنى تەكىتلىدى؟

A) بايراقنى قوغداشنى

B) بۇيرۇق كەلمىگۈچە تۇرغان يېرىدىن ئايرىلماسلىقنى

C) ھەزرىتى ھەمزىنى قوغداشنى

D) ئەگەر قىيىنچىلىق يۈز بەرسە، پەيغەمبىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىغا كىلىشنى

5. ئەينەين ئېگىزلىكىدىكى ئوقچىلار ئۇرۇشقا بۇيرۇلغان يېرىدىن نېمىشقا ئايرىلدى؟

A) رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك چىشى چۈشۈپ كەتكەنگە چىدىيالمىغانلىقى ئۈچۈن

B) دوستلىرىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن

C) غەلبە قىلدۇق دەپ ئويلاپ غەنىمەت يىغىشقا ئالدىرىغانلىقى ئۈچۈن

D) ئۇرۇش تاكتىكىسى شۇنداق قارارلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن

6. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ئوھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەردىن بىرى ئەمەس؟

A) مۇبارەك لەۋلىرى يېرىلدى

B) مۇبارەك چىشى سۇندى

C) مۇبارەك تىرنىقى يارىلاندى

D) دۇبۇلغىسىدىن ئاجراپ كەتكەن ئىككى ھالقا مۇبارەك ئېڭىكىگە كىرىپ كەتتى

7. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شېھىتلەر بىلەن بىرلىكتە شېھىت بولۇشنى ئارزۇ قىلغان جەڭ قايسى جەڭ؟

A) مۇئتە ئۇرۇشى

B) ئوھۇد ئۇرۇشى

C) خەندەك ئۇرۇشى

D) بەدىر ئۇرۇشى

8. تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى ھاراق ھەققىدىكى ئايەتتە ھارام قىلىنغانلاردىن بىرى ئەمەس؟

A) قىمار

B) پال ئوقى

C) بۇتقا چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاش

D) زىنا

9. ھەزرىتى ھۇبەيب دارغا ئېسىلىشۋاتقاندا ئۇنىڭغا قىلىنغان تەكلىپقا قارىتا بەرگەن قەتئىي جاۋابىنى شۇ چاغدىكى مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋېشى ئەبۇ سۇفيان قانداق چۈشەندۇردى؟

A) پەيغەمبىرى بۇ ئادەملەرگە سېھىر قىلغان چېغى

B) بۇ مۇسۇلمانلار ئەقلىدىن ئاداشقان چېغى

C) مەن دوستلىرى تەرىپىدىن بۇ قەدەر ياخشى كۆرۈلگەن باشقا بىر ئادەمنى ئۇچراتمىدىم.

D) مېنىڭچە ئادەم ئالدى بىلەن ئۆز مەنپەئەتىنى ئويلىشى كېرەك، سەنمۇ ئەقلىڭنى ئىشلەت.

10. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاراق بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكىلەردىن قايسىلارغا لەنەت قىلغان؟

1) ئىچكۈچىگە 2) ئىچكۈزگۈچىگە 3) توشۇغۇچىغا 4) كۆرگۈچىگە 5) ئېلىپ ساتقۇچىغا

A) 1.2 ۋە 3

B) 1، 2، 3، ۋە 5

C) 1، 4، 5

D) 1، 2، 3، 4، 5

11. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلىك) مۆھۈرى بەدىنىنىڭ قەيرىدە؟

A) ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا

B) مۇبارەك ئالقىنىنىڭ ئىچىدە

C) مۇبارەك ئېڭىكىدە

D) مۇبارەك مۈرىسىدە

12. قۇرئانى كەرىمدىكى قايسى سۈرىدە خەندەك ئۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر كۆپرەك بايان قىلىنغان؟

A) بەقەرە سۈرىسى

B) ئەھزاپ سۈرىسى

C) ياسىن سۈرىسى

D) راھمان سۈرىسى

13. خەندەك ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا خائىنلىق قىلغان ئىككى گۇرۇپپا ئادەملەر كىملەر؟

A) يەھۇدىلار ۋە خرىستىئانلار

B) خرىستىئانلار ۋە مۇشرىكلار

C) مۇناپىقلار ۋە خرىستىئانلار

D) مۇناپىقلار ۋە يەھۇدىلار

14. مۇناپىق كىمدۇر؟

A) مەجبۇرى مۇسۇلمانلاشتۇرۇلغان كىشى

B) مۇسۇلمانلىقنى تىلى بىلەن ئىنكار قىلغان كىشى

C) مۇسۇلمانلارغا قارشى كاپىرلار بىلەن بىر بولغان كىشى

D) ئاغزىدا مۇسۇلمان بولدۇم دېگەن بىلەن كۆڭلىدە ئىمان ئېيتمىغان كىشى

15. ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتى قانچە يىل دەپ قارار قىلىنغان؟

A) 16 يىل

B) 14 يىل

C) 10 يىل

D) مۇددەتسىز

16. ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمى بىلەن تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن قايسىسىنى مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ؟

A) ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر

B) ئاللاھ بىرەر نەرسىنى ياراتماقچى بولسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇدقا كەل!» دېيىدۇ-دە، ئۇ نەرسە دەرھال بارلىققا كېلىدۇ.

C) بەزى ئىشلار قارىماققا زىيانلىقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

D) پاكلانغان ۋە رەببىنى ئەسلەپ ناماز ئوقۇغان كىشى نىجادلىققا ئېرىشىدۇ.

17. ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ئىجابىي نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن قايسىلار؟

1) مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنى بىر دۆلەت سۈپىتىدە رەسمىي تونىدى.
2) ئىسلامنىڭ تارقىلىشى تېزلەشتى.
3) ئەتراپتىكى قەبىلە ۋە دۆلەتلەر بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆرۈشۈشى، مۇناسىۋەتلىرى قويۇقلاشتى.
4) مۇسۇلمانلار شۇ يىلى كەبىنى تاۋاپ قىلالىدى.

A) 1) ۋە 4)

B) 1)، 2) ۋە 4)

C) 1) ۋە 3)

D) 1)، 2) ۋە 3)

18. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قايسى دۆلەت باشلىقلىرىنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلىپ ئەۋەتكەن مەكتۇبقا قايسى پادىشاھ ئىجابىي جاۋاب قايتۇردى؟

A) ۋىزانتىيە پادىشاھى ھىرەقلى

B) ئىران پادىشاھى خۇسرەۋ پەرۋىز

C) ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشى ئەسھەمە

D) بۇسرا ۋالىيسى شۇراھبىل

19. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەرنى پەتھى قىلىدىغان كۈنى بايراقنى قايسى ساھابىگە تۇتقۇزدى؟

A) ھەزرىتى زەيد

B) ھەزرىتى ئۆمەر

C) ھەزرىتى ئەلى

D) ھەزرىتى سەئىد

20. مۇئتە ئۇرۇشىدا يۈز مىڭ كىشىلىك مۇشرىك قوشۇنىغا قارشى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچىلىك ئىدى؟

A) بەش مىڭ كىشى

B) ئەللىك مىڭ كىشى

C) ئون مىڭ كىشى

D) ئۈچ مىڭ كىشى

# تېپىشماق



## ئوڭدىن سولغا

3. ئاللاھ بىلەن بىرلىكتە بۇتنى ئىلاھ دەپ قارىغان كىشى
7. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىدىن كېيىن قىرىق كۈن توختىماي خائىنلارغا بەددۇئا قىلغان ۋەقە: ....... قۇدۇقى پاجىئەسى
8. ئون نەپەر ئىسلام مۇئەللىمى تۇزاققا چۈشۈرۈلۈپ قەتلى قىلىنغان پاجىئەلىك ۋەقە يۈز بەرگەن يەر
9. ھەر ناچار ئىشنىڭ بېشى دەپ قارالغان، ئىچىش مەنئى قىلىنغان ئىچىملىك
11. ئوتقا چوقۇنغۇچى، ئاتەشپەرەست
12. ھەزرىتى ئوسماننىڭ كېچىكىشى بىلەن ئۇنى مۇشرىكلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى توغرىلىق سۆز-چۆچەكلەر چىققاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلاردىن ئالغان بەيئەتنىڭ ئىسمى
14. ئاللاھ يولىدا ئۆلگەن كىشى
15. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئوھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان تاغىسى، ھەزرىتى ......
17. مۇشرىكلار ئەتراپتىكى قەبىلىلەردىنمۇ ئادەم توپلاپ ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان جەڭنىڭ ئىسمى
18. ئىككى يۈزلىمچى ئادەم
20. ھەزرىتى خالىد بىن ۋەلىدكە بېرىلگەن لەقەم، مەنىسى «ئاللاھنىڭ قىلىچى»

## يۇقىرىدىن تۆۋەنگە

1. مەجۇسىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، ئۇزۇن ۋاقىت ئىزدەنگەندىن كېيىن پەيغەمبەرنى تاپقان ئىرانلىق ساھابە
2. مۇسۇلمانلار بىلەن مەككىلىك مۇشرىكلار ئارىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىمنىڭ ئىسمى
4. ھەبەشىستان پادىشاھلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى
5. خەيبەر پەتھى قىلىنغان كۈنى پەيغەمبىرىمىز بايراقنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزغان قەھرىمان ساھابە: ھەزرىتى .....
6. مۇئتە ئۇرۇشىدا زەيدتىن كېيىن بايراقنى قولىغا ئالغان ۋە كېيىن شېھىت بولغان قەدىرلىك ساھابە: ھەزرىتى ......
10. مۇسۇلمانلارغا خائىنلىق قىلغان بىر يەھۇدىي قەبىلىسى: بەنى ......
13. ئوھۇد ئۇرۇشىدا ئوقچىلار جايلاشتۇرۇلغان ئېگىزلىكنىڭ ئىسمى: ئەينەيىن
16. خرىستىئان دىنىي زاتلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى
19. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىسىنىڭ ئىسمى

بىسمىللاھىررەھمانىرررەھىيم

"ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەدتىن ئىران دۆلىتىنىڭ پادىشاھى خۇسرەۋگە: ھىدايەت يولىدا ماڭغۇچىلارغا، ئاللاھقا ۋە رەسۇلۇللاھقا ئىمان ئېيتقانلارغا، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق دەپ ئۇنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى، ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرگە سالام بولسۇن! ئەي پادىشاھ، سېنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىمەن. چۈنكى مەن تىرىكلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن پۈتكۈل ئىنسانلارغا يول كۆرسەتكۈچى، يولباشچى سۈپىتىدە ئەۋەتىلدىم. ئەي پادىشاھ، مۇسۇلمان بولساڭ نىجادلىققا ئېرىشىسەن. ئەگەر مۇسۇلمان بولمىساڭ، خەلقىڭنىڭ ئىچىدىكى مەجۇسىيلارنىڭ (ئاتەشپەرەستلەرنىڭ) گۇناھى ساڭا يۈكلىنىدۇ."



# تۆتىنچى باب

- مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى
- ھۇنەين ئۇرۇشى
- ئەلچىلەر يىلى
- ئەڭ قىيىن سەپەر: تەبۇك سەپىرى
- مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج ئىبادىتى
- ۋىدالىشىش ھەججى
- رەسۇلۇللاھنىڭ ئاغرىپ قېلىشى ۋە دۇنيادىن خوشلىشىشى



# 1. مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى (630-يىلى)

## 1) مۇشرىكلار ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىنى بۇزدى

ھۇدەيبىيەدە ئىمزالانغان تىنچلىق كېلىشىمگە ئاساسەن مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارمۇ، مەككىلىك مۇشرىكلارمۇ ئۆزى خالىغان قەبىلە بىلەن كېلىشىم تۈزەلەيتتى، ئىتتىپاقداش بولالايتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن، خۇزائە قەبىلىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. بەنى بەكىر قەبىلىسى مۇشرىكلارنىڭ ھىمايىسىگە كىردى.

بەنى بەكىر قەبىلىسى مۇشرىكلارنىڭ كۈشكۈرتىشى ۋە ياردىمىدە بىر كۈنى كېچىسى تۇيۇقسىز خۇزائە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئىككى قەبىلە ئارىسىدا بۇرۇندىن باشلاپلا ئۆچ-ئاداۋەت بار ئىدى. لېكىن بۇ قېتىم ئىش باشقىچە بولدى. مەككىلىك مۇشرىكلاردىن ئىكرىمە، سەفۋان ۋە سۇھەيل قاتارلىق بەزى ياشلارمۇ بۇ ھۇجۇمغا بىۋاستە قاتناشتى. بۇ نامەرتلەرنىڭ رەھىمسىز ھۇجۇمىدا خۇزائە قەبىلىسىدىن يىگىرمە ئۈچ كىشى ئۆلدى. قالغانلار كەبىگە كىرىۋېلىپ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، خۇزائە قەبىلىسىدىن قىرىق كىشىلىك بىر ھەيئەت مەدىنىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى ئېيتىپ ياردەم تەلەپ قىلدى.

> سىزنىڭچە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئەھۋالدا قانداق قىلىشى مۇمكىن؟
>
> ..........................................................................
>
> ..........................................................................

خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەر ئىلگىرىدىن باشلاپلا مۇسۇلمانلار بىلەن دوست ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارغىمۇ كۆپ ياردەم قىلغانىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇزائە قەبىلىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋەقەنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردى. ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا ۋەدە قىلدى. مەككىلىك مۇشرىكلارغا دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپ:

- خۇزائە قەبىلىسىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ خۇن ھەققىنى تۆلەڭلار ياكى بەنى بەكىر قەبىلىسىنى ھىمايە قىلىشتىن ۋاز كېچىڭلار! - دەپ خەۋەر ئەۋەتتى.

ئەگەر بۇ ئىككى شەرتتىن بىرىنى قوبۇل قىلمىسا، ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ بۇزۇلغان ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەككىلىكلەر يۇقىرىقى شەرتنىڭ ھەر ئىككىسىنى قوبۇل قىلماي ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنى بۇزغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ خۇزائە قەبىلىسىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئەمەلىيەتتە بۇزۇپ بولغان ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ئىناۋەتسىز بولغانلىقىنى رەسمىي جاكالىدى. مەككىلىك مۇشرىكلار بۇ تىنچلىق كېلىشىمىنى بۇزۇپ ئېغىر خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھېس قىلىشتى. چۈنكى بۇ دېگەنلىك مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىناتتى. مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىدىن ئەبۇ سوفيان تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن ھاپىلا-شاپىلا مەدىنىگە كەلدى. لېكىن ھېچكىم ئەبۇ سوفياننىڭ يۈزىگە قارىمىدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن تىنچلىق تەكلىپلىرى ناھەقچىلىقنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىشقا يەتمىدى. نائىلاج مەككىگە قايتىپ كەتتى. بولغان ئەھۋاللارنى يىپتىن-يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلار:

- ئەبۇ سوفيان، ساڭا لەنەت بولسۇن، سەن كارغا كەلمەيسەن. ئۆزىمىزنى خاتىرجەم قىلالايلى دېسەك، تىنچلىق خەۋىرى ئېلىپ كەلمەيسەن. ئۇرۇشقا تەييارلىنايلى دېسەك، جەڭ خەۋىرى

ئېلىپ كەلمەيسەن. ـ دېيىشتى.

### 2) ئىسلام قوشۇنىنىڭ پەتىھ ئۈچۈن تەييارلىنىشى ۋە مەككىگە سەپەر قىلىشى

مەككىلىك مۇشرىكلار چىقارغان پىتنە ـ پاسات ۋە دۈشمەنلىككە خاتىمە بېرىش ۋاقتى كەلگەنتى. كەبە ئاللاھنىڭ ئۆيى بولۇپ، ئاللاھقا ئائىت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى ئىدى. لېكىن مۇشرىكلار بۇ يەرنى بۇتلار بىلەن توشقۇزۇپ، خۇراپات مەركىزى قىلىۋېتەكەنىدى. كەبە ئۆزى لايىق بولغان ھالەتتە پاكىزلىنىشى ۋە ئۆزىگە لايىق قەدىرلىنىشى كېرەكتى. شۇنداقلا مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلى مۇسۇلمانلار مەككىدىن ئامالسىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان بولۇپ، مەككە ئەسلىدىنلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئانا يۇرتى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇشۇرۇن ھالدا پەتھى تەييارلىقىنى باشلىدى. لېكىن بۇ ھەقتە ھېچكىمگە تىنمىدى. دەسلەپتە بۇنى پەيغەمبىرىمىزدىن باشقا ئىنسى ـ جىن بىلمەيتتى. مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى بارلىق يوللارغا نۆۋەتچى ئەسكەرلەرنى يەرلەشتۈردى. مەككىگە بىرەر خەۋەر يېتىپ بېرىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدى. قوشۇن چوڭ بىر سەپەر ئۈچۈن تەييارلاندى.

سەپەرگە چىقىشتىن ئاۋۋال بۇنداق مەخپى تەييارلىق قىلىشنىڭ قانداق سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن؟

..............................................................................................

..............................................................................................

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ 10 ـ كۈنىگە ئۇدۇل كەلگەن بىر دۈشەنبە كۈنى ئون مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن مەدىنىدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. يولدا ئۇلارغا قوشۇلغانلار بىلەن ئۇلارنىڭ سانى ئون ئىككى مىڭ كىشىگە يەتتى. يوللار زىچ قامال قىلىنىپ، مەككىگە بۇ ھەقتە ھېچقانداق خەۋەر يېتىپ بارمىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام قوشۇنى مەككىنىڭ يېقىن تەرىپىگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا مۇشرىكلارنىڭ ھېچقانداق ئىشتىن خەۋىرى بولمىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ يېقىن يەرگە كېلىپ بولغانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا ھەيرانلىقتىن تۇرۇپ قېلىشتى.

ئۇلارنىڭ كاتتىۋېشى ئەبۇ سوفيان زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە يېنىغا بىر قانچە كىشىنى ئېلىپ مەككىدىن چىقىپ كەلدى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ قارارگاھىغا يېقىنلاشقاندا ئەتراپتىكى نەچچە مىڭ گۈلخاننى كۆردى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق زور بىر قوشۇننى كۆرۈپ باقمىغانىتى. چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ ئادەم سانىنىڭ كۆپ كۆرۈنۈشىنى ۋە مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىرادىسىنىڭ يوقىلىشىنى خالايتتى. شۇڭا ھەر ئون كىشىگە بىر گۈلخان يېقىشنى ئەمەس، بەلكى ھەر بىر كىشى بىر گۈلخان يېقىشنى بۇيرىدى.

ئەبۇ سوفيان لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان گۈلخانلارغا قاراپ مېڭىۋاتقاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇنى كۆردى ـ دە، تۇتۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاغىسى ئابباسقا:

ـ ئەبۇ سوفياننى ئەسكەرلەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يەرگە ئېلىپ بارغىن. ئىسلام قوشۇنىنىڭ ھەيۋىسىنى

كۆرسۇن. ـ دېدى.

ئەسكەرلەر گۇرۇپپا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنگەن ھالدا رەتلىك تىزىلىپ ئەبۇ سوفياننىڭ كۆز ئالدىدا مېڭىپ ئۆتۈشۈشۈدى، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى ۋە تەرتىپ ئىنتىزامىنى كۆرگەن ئەبۇ سوفيان ھەيرانلىقتا كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قالدى، ھەزرىتى ئابباسقا قاراپ:

ـ ئى ئابباس، سېنىڭ قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنىڭ سەلتەنەتى ھەقىقەتەن كاتتا بولۇپ كېتىپتۇ! ـ دېدى. ھەزرىتى ئابباس:

ـ ياق، بۇ سەلتەنەت ئەمەس، پەيغەمبەرلىك! ـ دەپ تۈزىتىش بەردى.

كېيىن ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبىرىمىز سورىدى:

ـ ئەبۇ سوفيان: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» (بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر) دەيدىغان ۋاقىت كەلمىدىمۇ؟

ئەبۇ سوفيان بىر دەم ئىككىلەنگەندىن كېيىن «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يەنە سورىدى:

ـ مېنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ) دېيىشكە تىلىڭ تېخىچە كەلمەيۋاتامدۇ؟

ئەبۇ سوفيانغا بۇنى ئېيتىش بەكلا ئېغىر كەلدى. يىللاردىن بېرى ئۆزى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش تەس ئىدى. ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئۈندىشى بىلەن كەلىمە ـ شاھادەتنى تولۇق ئېيتتى: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ». ئەمدى ھازىردىن باشلاپ ئەبۇ سوفيان مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئەبۇ سوفيان دەرھال مەككىگە كىرىپ، ھەرەم شەرىفكە باردى. ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان مەككىلىكلەرگە ھاياجان ئىچىدە توۋلىدى:

ـ مۇھەممەد بىز ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمايدىغان دەرىجىدىكى غايەت زور بىر قوشۇن بىلەن مەككىگە كىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغايكى، ئەبۇ سوفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغانلار بىخەتەر بولىدۇ، قورالىنى تاشلاپ ئۆيىدە ئولتۇرغان كىشىگە چېقىلىشقا بولمايدۇ. ھەرەم شەرىفكە كىرىۋالغانلار بىخەتەر بولىدۇ.



## 3) كەبە بۇتلاردىن پاكىزلاندى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرگە مۇنداق جىكىلىدى:

- ئىلاجى بار ئۇرۇش قىلماڭلار. سىلەرگە قىلىچ تەڭلەنمىگۈچە قىلىچىڭلارنى غىلاپتىن چىقارماڭلار. ھۇجۇمغا ئۇچرىمىغۇچە، ئۆزەڭلارنى قوغداشقا مەجبۇر قالمىغۇچە قان تۆكمەڭلار!

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئېيتىشىنىڭ سەۋەبى نىمە؟

..........................................................................

..........................................................................

پەيغەمبىرىمىز ھەيۋەتلىك قوشۇنى بىلەن تۆت تەرەپتىن مەككىگە كىرىپ كەلدى. بۇندىن سەككىز يىل ئىلگىرى قىيىن-قىستاق ۋە زۇلۇم ئاستىدا ئۆيىنى، باغ-ۋاران، مال-مۈلكىنى، يەرلىرىنى تاشلاپ مەككىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان مۇسۇلمانلار ئەمدىلىكتە مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىدىغان ھەيۋەت بىلەن قايتىپ كېلىۋاتاتتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە بويىنىنى ئېگىپ، ئىنتايىن كەمتەر ھالەتتە ئېڭىشىپ ئولتۇراتتى. ئاللاھ نېسىپ قىلغان بۇ زەپەر ئۈچۈن شۈكۈر قىلىپ، تەسبىھ ئېيتىپ ئاللاھقا سەجدە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئىسلام قوشۇنى چوڭ قارشىلىققا ئۇچرىماي، جەڭ قىلماستىن مەككىگە كىردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن كەبىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن غۇسۇل تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقىدى. يول بويى قۇرئان قىرائەت قىلغاچ كەبىگە كەلدى.

كەبىنى مۇشرىكلار بۇت بىلەن توشقۇزىۋەتكەنتى. 360 بۇت تىكلەگلىك ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىدىكى ھاسىسى بىلەن بۇتلارنى بىر-بىرلەپ يىقىتتى، «ھەقىقەت (ئىسلام) كەلدى، باتىل يوق بولدى. باتىل ھەقىقەتەن ئۆڭاي يوقىلىدۇ» دېدى. (ئىسرا سۈرىسى 81-ئايەت)

مۇشرىكلار ئۆزلىرى ئىلاھ دەپ چوقۇنغان بۇتلارنىڭ پارام-پارچە بولۇپ كېتىشىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇرۇشتى. ئۇلار ئىلگىرى دۇئا قىلىپ ياردەم تىلىگەن بۇتلار ئەمدىلىكتە ئۆزىنىمۇ قۇتقۇزالماي تاش پارچىسى ئەخلەت بولۇپ يەردە ياتاتتى.

## 4) قېرىنداشلىق ۋە ئەپۇ كۆڭلى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەبە ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ، يىغىلغان مەككىلىكلەرگە قارىدى. يىگىرمە يىلدىن بۇيان پەيغەمبەرگە، مۇسۇلمانلارغا ھەر خىل زۇلۇم ۋە يامانلىق قىلغان بۇ ئادەملەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ھۆكمىنى كۈتۈپ تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

«ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. پەقەتلا ئاللاھ باردۇر. ئاللاھنىڭ ياردەمچىسى ۋە شېرىكى يوقتۇر. ئاللاھ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بەندىسىگە ياردەم قىلدى. بارلىق دۈشمەنلىرىمىزنى تارمار قىلدى. كەبىنىڭ خىزمىتى ۋە ھاجىلارغا سۇ بېرىش ئىشىدىن باشقا بارلىق قەدىمي ئۆرپ-ئادەتلەر، قان، مال دەۋالىرى ئەمەلدىن قالدى. ئەي قۇرەيش خەلقى، ئاللاھ تەكەببۇرلۇقنى، ئاتا-بوۋىسىدىن، نەسەبىدىن پەخىرلىنىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشنى مەنئىي قىلدى.»

ئاندىن ئۇلاردىن مۇنداق دەپ سورىدى:

- ئەي قۇرەيش جامائىتى، سىلەر مېنىڭ نېمە قىلىشىمنى كۈتىۋاتىسىلەر؟

مەككىلىكلەر ھەممىسى:

- ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭنى كۈتىۋاتىمىز. سەن ئۇلۇغ ۋە ياخشى قېرىندىشىمىزسەن. ئېسىل بىر قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلىسەن. - دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسىغا پەيغەمبىرىمىز نېمە دەپ جاۋاب بەرگەندۇ؟
نېمە ئۈچۈن؟

................................................................................

................................................................................

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

- يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان قېرىنداشلىرىغا نەچچە يىلدىن كېيىن ئېيتقاندەك، مەنمۇ سىلەرگە «بۈگۈن سىلەرنى ئەيىپلىمەيمەن. ئاللاھ سىلەرنى ئەپۇ قىلسۇن. شۈبھىسىز ئاللاھ ئەڭ مېھرىبان ۋە شەپقەتلىكتۇر» (يۈسۈف سۈرىسى 92-ئايەت) دەيمەن. كېتىڭلار، ھەممىڭلار ئەركىن، ئازاد! - دېدى.

پېشىن ۋاقتى بولۇشى بىلەن ھەزرىتى بىلال كەبىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. يېقىملىق ۋە ياڭراق ئاۋازى بىلەن ئەزان ئوقۇشقا باشلىدى. «ئاللاھۇ ئەكبەر!» نىدالىرى مۆمىنلەرنىڭ قەلبىنى ياشارتسا، مۇشرىكلارنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ چۈشەتتى.

بۇ پەيتتە ئەبۇ سوفيان، ئەسىدنىڭ ئوغلى ئەتتاب، ھارىس بىن ھىشام قاتارلىق قۇرەيش كاتتىلىرىدىن بىر قانچە كىشى كەبىنىڭ ھويلىسىنىڭ بىر بۇرجىكىدە يىغىلىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئەتتاب مۇنداق دېدى:

- دادام تەلەيلىك ئىكەن، ھەر نېمە بولسا بۇ ئەزاننى ئاڭلاشتىن ئىلگىرى ئۆلدى، ئەزاننى ئاڭلىمىدى.

- بۇ ئەزاندا دېيىلگەنلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلسەم، ۋاللاھى مەنمۇ بېرىپ مۇسۇلمان بولغان بولاتتىم. - دېدى ھارىس. بۇنىڭغا جاۋابەن ئەبۇ سوفيان مۇنداق دېدى:

- مەن ھېچنېمە دېمەيمەن. ئەگەر بىرەر گەپ قىلسام، مۇشۇ شېغىل تاشلارنىڭ زۇۋانغا كېلىپ مۇھەممەدگە دەپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن. - دېدى.

بىر دەمدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار ئۆزئارا دېيىشكەن گەپلەرنى ئۇلارغا بىر-بىرلەپ دەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممىسى:

- بىز دېيىشكەن گەپلەرنى بىزدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىغانتى. سېنىڭ بۇنى بىلىشىڭ بىر مۆجىزە. بىز گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن. - دېيىشتى.

پېشىن نامىزىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفا ئېگىزلىكىنىڭ يۇكسەك بىر يېرىدە ئولتۇردى. مۇسۇلمان بولۇشنى خالىغان ئادەملەر رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، كەلىمە-شاھادەت ئېيتىپ، بەيئەت قىلدى. پەيغەمبىرىمىزگە ئاۋۋال ئەرلەر، كېيىن ئاياللار بەيئەت قىلدى. ئەرلەر تىزىلىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ سالاملاشقاچ بەيئەت قىلىشتى. ئاياللارنىڭ بەيئىتى ھەققىدە ئۇشبۇ ئايەت نازىل بولدى:

«ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (مۇمتەھىنە سۈرىسى 12-ئايەت)

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغاندا ئەرلەرنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغاندەك قول ئېلىشىپ كۆرۈشمىدى. ئىچىگە لىق سۇ قويۇلغان بىر داس كەلتۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇبارەك قولىنى داستىكى سۇغا تىقتى. كېيىن ئۇ ئاياللارمۇ قولىنى ئۇ سۇغا چىلاپ تۇرۇپ، ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان مەزمۇنلارغا رىئايە قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ بەيئەت قىلىشتى. دېمىسىمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا ھېچبىر نامەھرەم ئايالنىڭ قولىغا تېگىپ باقمىغان.

# سادىق دوست مۇشۇنداق سۆيىدۇ

مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىنكى كۈنلەر ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرەمدە ئولتۇراتتى. بۇ پەيتتە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مۈيسىپىت دادىسى كۇھافەنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېلىپ كەلدى-دە، مۇنداق دېدى:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! دادام مۇسۇلمان بولۇشقا قوشۇلدى. سىزگە بەيئەت قىلماقچى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- ئەي ئەبۇ بەكرى، ياشىنىپ قالغان داداڭنى بۇ يەرگىچە ئەكىلىپ ئاۋارە قىپسەن. دېگەن بولساڭ، مەن ئۇنىڭ يېنىغا باراتتىم ئەمەسمۇ!

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، ئۇنىڭ سىزگە كېلىشى سىزنىڭ ئۇنىڭغا بېرىشىڭىزدىن تېخىمۇ مۇۋاپىق. - دەپ جاۋاب بەردى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ كۇھافەنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، قولىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ تۇرۇپ:

- ئەبۇ كۇھافە!، مۇسۇلمان بولغىن، سالامەت بولىسەن. - دېدى.

ئەبۇ كۇھافە مۇسۇلمان بولۇپ، كەلىمە-شاھادەت ئېيتتى. ئاندىن ئۇ بەيئەت قىلىش ئۈچۈن قولىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك قولىغا ئۇزاتتى. رەسۇلۇللاھنى جېنىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەل بۇ پەيتتە ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئەي ئەبۇ بەكرى، نېمىشقا يىغلايسەن؟ - دەپ سورىدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆز ياشلىرى ئىچىدە:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، سىزگە بەيئەت قىلىش ئۈچۈن سۇزۇلغان شۇ قول مېنىڭ دادامنىڭ قولى ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ تاغىڭىز ئەبۇ تالىبنىڭ قولى بولغان بولسا، بۈگۈن بۇ يەردە مېنىڭ ئورنۇمدا خۇشال بولغۇچى كىشى مەن ئەمەس، سىز بولغان بولسىڭىز، ئاللاھتائالا مېنىڭ ئورنۇمدا سىزنى خۇشال قىلغان بولسا، بەلكىم قانچىلىك خۇشال بولاتتىڭىز، چۈنكى سىز ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىڭىز. - دېدى.

# 2. ھۇنەين ئۇرۇشى (630-يىلى)

## 1) ھەۋازىنلىقلارنىڭ ئەندىشىسى

ھۇنەين مەككە بىلەن تائىفنىڭ ئارىسىدا مەككىگە تەخمىنەن 16 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر ۋادىنىڭ ئىسمىدۇر. ئىسلامدىن ئىلگىرى ئەرەبلەر بۇ يەردە سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزەتتى. شائىرلارنىڭ شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىلىرىمۇ بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلەتتى.

ھۇنەين ئۇرۇشىنى قوزغىغان ھەۋازىن قەبىلىسى ئەرەبىستاندىكى ئەڭ چوڭ قەبىلىلەردىن بىرى ئىدى. مەككىنى مۇسۇلمانلار پەتھى قىلىپ، كەبىدىكى بارلىق بۇتلارنى چېقىپ تاشلىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلار قاتتىق غەمگە چۈشتى. بىرەر ئامال قىلمىساق، كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن مۇزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىشى، يەنى بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ مۇشۇ ئاقىۋەت كېلىشى مۇمكىن دېيىشكە باشلىدى-دە، دەرھال ئۇرۇش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. تائىفتا ياشايدىغان سەقىف قەبىلىسىمۇ دەرھال ئۇلارغا قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلغان بەزى كىچىك قەبىلىلەرنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇلار سانى يىگىرمە مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەشكىللەپ ھۇنەين ۋادىسىغا يىغىلدى. بۇ ئۇرۇش ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھايات-ماماتلىق بىر ئۇرۇش ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار بۇ ئۇرۇشقا خوتۇن-بالىلىرىنى، كالا، قوي، تۆگە، ئات ۋە باشقا قىممەتلىك مال-مۈلۈك قاتارلىق ھەممە نەرسىسىنى يېنىدا ئېلىپ



چىققان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەقەتلا ئىككى يول بار بولۇپ، بىرى ئۇرۇشتا غەلبە قىلىپ مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش، يەنە بىر بولسا بۇ يولدا جېنىنى پىدا قىلىپ ئۆلۈپ ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش.

## 2) ئىسلام قوشۇنى تۇزاققا چۈشكەندە

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشمەنلەرنىڭ ئۇرۇش قوزغاش مەقسىتىدە ھۇنەينگە توپلانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال 12 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەييارلاپ ھەرىكەتكە ئۆتتى. بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدىكى ئون مىڭ كىشى مەككىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن مەدىنىدىن كەلگەن مۇجاھىدلار، ئىككى مىڭ كىشى بولسا، مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان كونا مۇشرىكلار ئىدى. بۇلاردىن سىرت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە تېخى مۇسۇلمان بولمىغان مەككىلىك مۇشرىكلاردىن سەكسەن نەچچە كىشى بار ئىدى.

مۇسۇلمانلار قوشۇنى سان جەھەتتىن ياكى قورال-ياراق جەھەتتىن بولسۇن، ئىنتايىن ياخشى ئەھۋالدا ئىدى. ھازىرغىچە بولغان ئەڭ مۇكەممەل ۋە كۈچلۈك مۇسۇلمان قوشۇنى ئىدى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىدە پەخىرلىنىش ۋە مەغرۇرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلدى. ئۇلار ئۆز-ئۆزىگە: «بۇ قوشۇننى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ!» دېيىشتى. قوماندانلارمۇ چوقۇم غەلبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

سىزنىڭچە بۇ توغرا پوزىتسىيەمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

..................................................

..................................................

دۈشمەن قوشۇنى ھۇنەين ۋادىسىغا بۇرۇن كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ئېگىز جايلارغا ۋە ئەڭ مۇۋاپىق يەرلەرگە يەرلىشىپ مۇسۇلمانلارغا تۇزاق قۇرۇپ پايلاپ تۇرغانتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ھۇنەينگە سەھەر قاراڭغۇدا يېتىپ كېلىپ، ۋادىنىڭ پەس تەرىپىگە يەرلەشتى. ئىككى قوشۇن ھۇنەين ۋادىسىدە بىر-بىرىگە قارشى روبىرو تۇرۇشتى.

ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ئەسكەرلىرى سەھەر قاراڭغۇدا بىر يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا تۇزاققا چۈشتى. ئۇلارغا تۇيۇقسىز ئوق يامغۇرى چۈشۈشكە باشلىدى. دۈشمەن تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىدى. قاراڭغۇدا ھېچكىم بىر-بىرىنى تونىيالمىدى. ئالدىنقى سەپتە كېتىۋاتقان مۇسۇلمان ئەسكەرلەر پاتپاراق بولۇپ تارقىلىپ كەتتى. ئارقىغا قاراپ چېكىنىشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلار تار بىر يەرگە قىستىلىپ قېلىپ، ئېگىزدىكى دۈشمەننىڭ ئوقيا يامغۇرى ئىچىدە مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ھەتتا بىر بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كېتىشتى. پاتپاراقچىلىق، ئالاقزادىلىك باشلاندى. شۇنداق قىلىپ، بىزنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ دەپ ئويلاشقان مەغرۇر قوشۇن تېخى ئۇرۇش رەسمىي باشلانماي تۇرۇپلا قېچىشقاتقان ئەسكەرلەر بىلەن تارقىلىشقا قاراپ يۈز تۇتتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنگەن تۆگىسىنى دۈشمەنگە ئۇدۇل دەيدەپ ماڭدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەلى قاتارلىق چوڭ ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە سەكسەن ياكى يۈز ئەتراپىدا كىشى قالغان ئىدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى كەينىگە تارتىپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ دۈشمەننىڭ ئارىسىغا كىرىشىنى توسماقچى بولدى.

### 3) ئىنسانلارنىڭ ئەڭ باتۇرى

بۇ پاتپاراقچىلىق يېڭى مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىمانى ئاجىز ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى نامايەن قىلىپ بەردى. ئەبۇ سوفيان مەنىلىك ھالدا كۈلۈپ:

— ئەمدى بۇ پاتپاراقچىلىقنى قىزىل دېڭىزغا قەدەر توختاتقىلى بولمايدۇ! — دەۋاتاتتى.

ئىمانى كۆڭلىگە تېخى تولۇق ئورناشمىغان كەلەدە:

— بۈگۈن سېھىر كارغا كەلمىدى. — دەپ ۋاقىرىدى. ئۇنىڭ تېخىچە مۇشرىك بولغان قېرىندىشى سەفۋان:

— ئاغزىڭنى يۇم! ھەۋازىنلىقتىن بىرىگە ئەسىر بولغۇچە، قۇرەيشلىك بىرىگە ئەسىر چۈشەي. — دەپ قېرىندىشىغا تەنبىھ بەردى.

يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خەۋەر مەككىگە يۈز كېتىپ، سۆز-چۆچەكلەر، يالغان-ياۋىداقلار ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقالدى.

— مۇھەممەد ئۆلۈپتۇ!

— قوشۇنى تارمار بوپتۇ.

— ئەرەبلەر ئىلگىرىكى دىنىغا قايتىشىپتۇ.

مۇشۇنداق بىر خەتەرلىك ۋەزىيەتتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەمكىن ھالدا ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ قېچىۋاتقان مۇسۇلمانلارغا:

— ئەي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، يېنىمغا كېلىڭلار! مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمەن، بۇنىڭدا يالغان يوق! مەن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ نەۋرىسىمەن.

— دەۋاتاتتى.

كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەزرىتى ئاببىاس ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ئەقەبەدە بەيئەت قىلىپ، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان ئەنسارلار، قېنى سىلەر؟ رىزۋان بەيئىتىدە ئاللاھ يولىدا جان پىدا قىلىشتىن قاچماسلىققا قەسەم قىلغان مۆمىنلەر، قېنى سىلەر؟ رەسۇلۇللاھ مانا بۇ يەردە! ئۇنىڭ يېنىغا كېلىڭلار! — دەپ توۋلىدى.

ئەگەر ئۇ پەيتتە سىز شۇ يەردە بولغان بولسىڭىز، قانداق قىلاردىڭىز؟

..............................................................................................

..............................................................................................

ھەزرىتى ئاببىاسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانلار، رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى قەھرىمان ساھابىلەرنىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئەنسار، مۇھاجىر، مەككىلىكلەر دەرھال: «لەببەيكە، لەببەيكە!» (لەببەي، مانا ساڭا كەلدۇق) دېيىشىپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتىدىن يىغىلىشتى. ئاندىن شىددەتلىك ئۇرۇش يېڭىۋاشتىن باشلاندى.

ئاللاھتائالانىڭ ياردىمى، مۆمىنلەرنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە بۇ قېتىم دۈشمەن مەغلۇپ بولدى. خۇتۇن بالىلىرىنى، چارۋا مال ۋە قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ھەممىنى تاشلاپ قېچىشقا باشلىدى. بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشقا ئازلا قالغان مۇسۇلمانلار غالىب بولدى. مۆمىنلەر بۇ ئۇرۇشتىن قاتتىق ساۋاق ئالدى. مەغرۇرلۇقى تۈپەيلى غەلىبىنىڭ ئاللاھنىڭ

بىر رەھمىتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى تېتىشقا قىل قالدى.

ھۇنەين ئۇرۇشىدا مۇشرىكلاردىن يەتمىش ئادەم ئۆلدى. مۇسۇلمانلاردىن تۆت كىشى شېھىت بولدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار يەنە بىر دۈشمەندىن قۇتۇلدى.

ھەۋازىن قەبىلىسى سېپىدە تۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىققان سەقىف قەبىلىسى ھۇنەين ئۇرۇشىدىن كېيىن تائىفقا قېچىپ بېرىپ قەلئەلىرىگە كىرىۋالدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلدى. بۇ مەزگىلدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلدى:

– ئاللاھىم، سەقىف ئاھالىسىنى مۇسۇلمان بولغىلى نېسىپ قىلغىن، ئۇلارنى بىزگە ئەۋەتكىن.

رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئاسى بىر يىلدىن كېيىن ئىجابەت بولدى. سەقىف خەلقى پەيغەمبىرىمىزگە ئەلچىلەر ئۆمگى ئەۋەتىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

### 4) ئۇرۇشتىكى ئەسىرلەر ۋە ئولجا ئېلىنغان قىممەتلىك ماللار

ھۇنەين ۋە باشقا ئۇرۇشلاردىن كېيىن نۇرغۇن ئەسىر ۋە كۆپ مىقداردا قىممەتلىك ماللار غەنىيمەت قالدى. غەنىمەت قالغان 24 مىڭ تۆگە، نەچچە مىڭ تۇياق قوي، بەش تونىنغا يېقىن ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا قىممەتلىك نەرسىلەر. ئۇرۇش قانۇنىغا ئاساسەن بۇلارنىڭ ھەممىسى غەلىبە قىلغان تەرەپكە مەنسۇپ بولاتتى. بۇ غەنىيمەتلەر جىرانە دەپ ئاتالغان بىر يەرگە يىغىپ قويۇلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەنىيمەتلەرنى ئۇرۇشقا قاتناشقان مۆمىنلەر، يېڭى مۇسۇلمان بولغانلار ۋە باشقا بەزى كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ھەۋازىن قەبىلىسىدىن بىر ھەيئەت كەلدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ كۈنلەردە مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېنىكئانىسى ھەلىمەنىڭ جەمەتى بەنى سەئىد قەبىلىسىدىن كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار مۇنداق دېدى:

– ئەي رەسۇلۇللاھ، بىز نام شەرىپى بار مۆتىۋەر كىشىلەرمىز. لېكىن بېشىمىزغا شۇنداق ئېغىر بىر پالاكەت كەلدىكى، ئادەملىرىمىز سىزگە ئەسىر چۈشتى، ماللىرىمىز سىزگە غەنىيمەت بولدى. سىزدىن ئۆتۈنىمىز شۇكى، ئەسىر چۈشكەن ئادەملىرىمىزنى قويۇۋەتسىڭىز، غەنىيمەت ماللارنىمۇ بىزگە قايتۇرۇپ بەرسىڭىز.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئويلاندى. ئەسىر چۈشكەن ئاياللارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئېنىكئانىسىنىڭ بىر تۇققانلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئۇنى كىچىك چېغىدا باققان ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۆزىدىن ياخشىلىق، ۋاپا كۈتىۋاتاتتى. لېكىن غەنىيمەت ئېلىش ئۈچۈنلا جەڭگە قاتناشقان ئادەملەرمۇ بار ئىدى.

سىزنىڭچە بۇ ئەھۋالدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداق قىلىشى مۇمكىن؟

............................................................

............................................................

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

- مەن سىلەرنى بۇگۈنگىچە مۇسۇلمان بولۇپ كېلەر دەپ ئۇزۇن ساقلىدىم. لېكىن سىلەر كېچىكىپ كەلدىڭلار. خەلق ئەتراپىمدا غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىپ بېرىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. مېنىڭ قىلالايدىغىنىم شۇكى، سىلەر يا ئەسىرلەرنى ئېلىڭلار، يا مالنى. ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاڭلار.

ئۇلار:

- ئەلۋەتتە ئەسىرلىرىمىزنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تاللايمىز. قەبىلىمىزنىڭ شان-شەرىپىنى ھېچنېمىگە تېگىشمەيمىز. - دېيىشتى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇنداقتا مەن ۋە تۇققانلىرىمغا تەقسىم قىلىنغان ئەسىرلەرنى ئازاد قىلدىم. ئۇلارنى ئېلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ. - دېدى. باشقىلارغا تەقسىم قىلىنغان ئەسىرلەرنىڭمۇ ئازاد قىلىنىشى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز جامائەتكە مۇنداق دېدى:

- دوستلىرىم، ماڭا ۋە بەنى ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىگە تەقسىملەنگەن بارلىق ئەسىرلەرنى مەن ئازاد قىلىۋەتتىم. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن قېرىنداشلىرىڭنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىشنى، ئەجرىنى پەقەتلا ئاللاھتىن تىلەشنى خالىغۇچىلار ئەسىرلىرىنى ئازاد قىلسا بولىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بارلىق مۇسۇلمانلار:

- بىزگە تەقسىم قىلىنغان ئەسىرلەرنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئازاد قىلدۇق. - دەپ توۋلاشتى.

شۇنىڭ بىلەن نەچچە مىڭ ئەسىر تەڭلا قۇتۇلدى. بۇ ئالىيجاناپلىقنى كۆرگەن ھەۋازىن خەلقى تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولدى. تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھاياجان ۋە خۇشاللىق ئەتراپنى قاپلىدى.

# تەسۋىرلىگۈسىز مەرتلىك

ھۈنەين ۋە تائىف ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، دۈشمەندىن نۇرغۇن مىقداردا مال غەنىيمەت قالدى. بىر تەرەپتە دۆۋە-دۆۋە ئالتۇن-كۈمۈش، گۆھەرلەر...، يەنە بىر تەرەپتە توپ-توپ تۆگە، قوي، ئۆچكە پادىسى... جىرانە ۋادىسىدىكى قىممەتلىك نەرسىلەر قارىغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇراتتى.

سەفۋان بىن ئۇمەييە مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىرى ئىدى. تېخى مۇسۇلمان بولمىغانتى. لېكىن ھۈنەين ۋە تائىف ئۇرۇشىدا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدىن بىر قەدەم ئايرىلمىغانتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىرانەدە يىغىپ قويۇلغان غەنىيمەت ماللىرى ئارىسىدا كېتىۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. رەسۇلۇللاھ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سەفۋانغا سەپسالدى. سەفۋان تۆگە، ئات پادىسى بىلەن لىق تولغان ۋادىغا ھەيرانلىق ۋە ئاچكۆزلۈك بىلەن تويماي قارايتتى. كۆزى خۇددى ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئويۇنچۇقنى ئېلىش ئۈچۈن قولنى ئۇزاتقان كىچىك بالىنىڭ كۆزىدەك پاقىرايتتى. پەيغەمبىرىمىز تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن سورىدى:

- سەفۋان، بۇ ۋادىنى ياقتۇردۇڭمۇ؟

- ئەلۋەتتە! - دەپ بېشىنى لىڭشىتتى سەفۋان.

- ئۇنداقتا بۇ ۋادىدىكى بارلىق پادىلار (قوي، كالا، ئات، تۆگە...) ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن! - دېدى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم.

سەفۋان قۇلىقىغا ئىشەنمىدى. ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۆزىنى تۇتالماي:

- ۋەللاھى، بىر پەيغەمبەردىن باشقا ھېچكىم بۇنداق مەرتلىك قىلالمايدۇ! - دېدى-دە، كەلىمە-شاھادەت ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

كېيىن سەفۋان خەلقىنىڭ يېنىغا قايتىپ يۇقىرى ئاۋازدا:

- ئەي قەۋمىم، دەرھال مۇسۇلمان بولۇڭلار. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مۇھەممەد شۇنچىلىك مەرت ۋە سېخى ئىكەن، يوقسۇللۇقتىن قىلچىلىك قورقمايدىكەن. - دەپ توۋلىدى. (مۇسلىم، «فەزائىل»، 57-58)







## 3. ئەلچىلەر يىلى (630-631-يىلى)

ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان ئەرەبلەر مەككىلىكلەرنى چوڭ بىلىپ ھۆرمەتلەيتتى. چۈنكى مەككىلىكلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىدىن كەلگەنتى. ئۇلار كەبىنى قوغدايتتى ۋە ھەجگە كەلگەنلەرگە خىزمەت قىلاتتى.

ئەرەبلەرنىڭ دىنىي مەركىزى ھېسابلىنىدىغان كەبىنىڭ مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى بىلەن تەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشى، كەبىدىكى بۇتلارنىڭ چېقىلىشى قاتارلىقلار ئەتراپتىكى قەبىلىلەرگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئىسلامنىڭ تارقىلىشىغا ھېچكىمنىڭ توسقۇنلۇق قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

ئەرەبىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشايدىغان قەبىلىلەر مۇسۇلمان بولۇش ياكى مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بildۈرۈش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەلچىلەر ئەۋەتىشكە باشلىدى. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆگىنىشنى خالايتتى. كەلگەن ئۆمەكلەرنىڭ سانى كۆنسىرى كۆپىيىپ يەتمىشتىن ئاشتى. ھەتتا يەمەندىكى نەھا قەبىلىسىدىنمۇ ھەيئەتلەر كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە كەلگەن بۇ ئەلچىلەر بىلەن بىۋاسىتە كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئىززىتىنى قىلدى. سوۋغا سالاملار ھەدىيە قىلدى. كەلگەن قەبىلىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە يارىشا ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى. بۇ ئۆمەكتىكىلەرنىڭ ھەر بىرىگە گۈزەل سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى. ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغاندىمۇ ئۇلارنىڭ خەلقىگە ئىسلامنى ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇئەللىملەر ئەۋەتتى. بۇ مۇئەللىملەرگە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قايتا-قايتا تاپىلايتتى. دىنىنى ئۆگەتكەندە «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار. خۇشخەۋەر بېرىڭلار، قورقۇتۇپ قاچۇرىۋەتمەڭلار!» دەپ جېكىلىگەنتى. (بۇخارى، «ئىمان»، 11)

# 4. ئەڭ قىيىن سەپەر: تەبۇك سەپىرى (630-يىلى)

تەبۇك مەدىنە بىلەن شامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمىدۇر. ۋاقىت ئۆتكەنسىرى ئىسلام دىنى ئەرەبىستاندىن سىرتقا تارقىلىۋاتاتتى. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولدى. دېمىسمۇ مۇئتە ئۇرۇشىدا يۈز مىڭ كىشى تۇرۇغلۇق، ئۈچ مىڭ كىشىلىك مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى يېڭەلمىگەن ئىدى. ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى مۇسۇلمانلار تېخىمۇ قۇدرەتلىك بولۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى پۈتكۈل ئەرەبىستاننى قولغا كىرگۈزۈشنى ئويلاۋاتاتتى. بۇ مەقسەتتە خرىستىئان ئەرەبلەرنى ئەتراپىغا توپلىدى. ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا كۈشكۈرتتى. غەسسانىيلار بۇ ئىشقا دەرھال تەييار بولۇپ، ۋىزانتىيەنىڭ سېپىغا قوشۇلدى.

## 1) ئۇرۇش تەييارلىقى

ۋىزانتىيەلىكلەرنىڭ يېقىندا مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپلا دەرھال ئۇرۇشقا تەييارلىنىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. ئىلگىرىكى ئۇرۇشلارنىڭ تەييارلىقى مەخپىي قىلىنغانتى. لېكىن بۇ قېتىم ھەممەيلەن كىم بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدى. بۇ ۋاقىت ياز پەسلى بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. دۈشمەن ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، سەپەر مۇساپىسىمۇ ئۇزۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدە مەدىنىدە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئاشلىق مەسىلىسىدىمۇ قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن مۇناپىقلارمۇ جىم تۇرماي پىتنە-پاسات تارقىتىۋاتاتتى. مۇناپىقلارنىڭ بېشى ئابدۇللاھ بىن ئۇبەي:

- مۇھەممەد ۋىزانتىيە دۆلىتىنى كىچىك باللارنىڭ ئويۇنچىقى دەپ ئويلاپ قالغان چېغى. مەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى كۆرىۋاتىمەن. - دېدى. بەزى مۇناپىقلارمۇ:

- بۇنداق ئىسسىق ھاۋادا قانداقمۇ سەپەر قىلغىلى بولسۇن؟ جەڭ مەيدانىغا بارماي تۇرۇپ ئۆلىسىلەر. - دېيىشكە باشلىدى.

بۇلارغا جاۋابەن ئۇشبۇ ئايەت نازىل بولدى:

«رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقلىرى بىلەن خۇشال بولۇشتى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار (بىر-بىرىگە): «ئىسسىقتا چىقماڭلار» دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا)



ئېيتقىنىكى، «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىززىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا، (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە چىقاتتى)» (تەۋبە سۈرىسى 81-ئايەت)

ئەتراپتىكى قەبىلىلەردىن توپ-توپ بولۇپ كەلگەن مۇھاجىر مۇسۇلمانلار مەدىنىگە يىغىلىشقا باشلىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە زور بىر قوشۇن تەشكىللەندى.

بۇ قوشۇندا ئون مىڭ نەپەر ئاتلىق، ئون ئىككى مىڭ نەپەر تۆگىلىك، قالغىنى پىيادە ئەسكەر بولۇپ، جەمئىي ئوتتۇز مىڭ كىشى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ بەزى ئەسكەرلەرنىڭ ئات-ئۇلىغى ۋە قورال-ياراقلىرى كەم ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەممەيلەننى بۇ قوشۇن ئۈچۈن ماددى ياردەم قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ھەر كىشى قولىدا نېمە بولسا، شۇنى ئەكىلىپ ياردەم قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن خانىم-قىزلار بىلەيزۈك، مونچاق قاتارلىق زىبۇ-زىننەت بويۇملىرىنى ئىئانە قىلىشتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بۇ قوشۇنغا ئەڭ كۆپ ياردەم قىلدى، پۈتۈن مال-مۈلكىنى ئەكىلىپ بەردى. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ ئەڭ مەرت ساھابىلەر قاتارىدا يەر ئالدى. ھەزرىتى ئوسمان ئۈچ يۈز نەپەر ئەسكەرگە ئۈچ يۈز تۆگە، تولۇق قورال-ياراق، لازىمەتلىك ئەشيا بىلەن بىرلىكتە مىڭ دىنار ئالتۇن بەردى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ياردەملىرىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپ مەمنۇن بولدى. مۇبارەك چېھرىدىن تەبەسسۇم ياغدۇردى. بۇ ياردەملەر بىلەن قورال-ياراق ۋە ئات-ئۇلاغسىز كەمبەغەل مۇجاھىدلار جابدۇلدى. شۇنداقتىمۇ بۇ سەپەرگە چىقىشنى كۆچلۈك ئارزۇ قىلىدىغان، بىراق ئات-ئۇلىغى ۋە قورالى بولمىغان كىشىلەر بار ئىدى. بۇلاردىن يەتتە كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، يېگۈدەك ئۇزۇق-تۈلۈك ۋە مىنگۈدەك تۆگىمىز يوق. بىراق بىز سىز بىلەن بىللە بۇ سەپەرگە چىقىشنى ئىنتايىن خالايمىز. - دېيىشتى.

پەيغەمبىرىمىز:

- سىلەرگە بەرگۈدەك تۆگە يوق. سىلەرگە رۇخسەت، ئۇرۇشقا كەلمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. - دېدى.

لېكىن ئۇلار بۇ ئۇرۇشقا چىقىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغانكى، يىغلاشقا باشلىدى. سەپەرگە ماڭغانلارغا يىغلىغان پېتى قاراپ قالدى. كېيىن ئۇلارمۇ بىر ئامال قىلىپ ئات-ئۇلاغ تاپتى-دە، خۇشاللىق بىلەن سەپەرگە ئاتلاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىنى مەدىنىگە مۇسۇلمانلارغا قاراشقا قويۇپ قويغان ئىدى. لېكىن ھەممە كىشى ئۇرۇشقا ماڭغاندا، ئۇنىڭغا مەدىنىدە ئولتۇرۇش ئېغىر كەلدى-دە، دەرھال قوراللىنىپ يولغا چىقتى. قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن يېتىشتى. كۆڭلى يېرىم ھالدا رەسۇلۇللاھقا قاراپ:

- مېنى ئاياللار ۋە ئۇششاق باللار ئارىسىدا تاشلاپ قويدىڭىزمۇ؟ - دەپ سورىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئەي ئەلى، سەن مەن ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردەمچىسى ھارۇن ئەلەيھىسسالامدەك بولۇشقا رازى ئەمەسمۇسەن؟ مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىغا ۋەھيى ئېلىش ئۈچۈن ماڭغاندا قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى قەۋمىنىڭ بېشى قىلىپ قويغانتى. - دېدى.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ پەيتتە نېمىلەرنى ھېس قىلغاندۇ؟

........................................................................................................................

........................................................................................................................

بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئەلى مەدىنىدە قېلىپ زور بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى تونۇپ يەتتى-دە، ئارقىغا قايتتى.

قوشۇن مەدىنىدىن يولغا چىقىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن مۇناپىقلار يەنە قىلغۇلۇقنى قىلدى. بەزىلىرى بىز بۇ سەپەرگە چىقالمىغۇدەكمىز دەپ كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ بىن ئۇبەي بىلەن بىللە ئارقىغا قايتىپ كەتتى. يەنە بەزىلىرى سەپەردە قالايمىقان پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ، پاراكەندىچىلىك چىقىرىشنى داۋاملاشتۇردى. ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى: «ئەگەر (ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلىنغىنى) ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىيمەت ۋە (يىراق ئەمەس) ئوتتۇرھال سەپەر بولىدىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ (غەنىيمەت ئېلىش مەقسىتىدە) چىقاتتى. لېكىن، بۇ ئارىلىق ئۇلارغا يىراق بىلىندى. ئۇلار ئاللاھ بىلەن قەسەم ئىچىپ: «ئەگەر چىقىشقا قادىر بولالىغان بولساق، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە چىقاتتۇق» دەيدۇ، ئۇلار (يالغان قەسەملىرى تۈپەيلىدىن) ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھ بىلىدۇكى، ئۇلار شەك-شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر.»
(تەۋبە سۈرىسى 42-ئايەت)

## قان يۇقى مونچاق

رەسۇلۇللاھنىڭ تاللانغان ئوقۇغۇچىلىرى بولغان ساھابىلەر دىن يولىدا مال-دۇنياسىنى خەجلەش ۋە جان پىدا قىلىشتىن قەتئىي باش تارتمايتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن دىنىي غايە ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلار قول ئىلكىدە بار بولغان ھەممە نەرسىسىنى ئوتتۇرىغا تاشلىغاچ «ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئەي رەسۇلۇللاھ» دەيتتى. تەبۇك سەپىرى ئۈچۈن تەييارلىقلار باشلانغان چاغدىمۇ مۇشۇنداق مەرتلىك، سېخىلىق ۋە پىداكارلىقتا بەسلەشتى. خانىم قىزلار مونچاق، بىلەيزۈك ۋە بويىنغا ئاسىدىغان مارجانلىرىنى ئەكىلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا قويىدى. بۇ پەيتتە يېشى كىچىكرەك بىر قىزچاقمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ كىچىك چېغىدا قۇلىقىغا سالغان مونچىقىنى چىقىرىپ تەبۇك سەپىرىگە چىقىدىغان قوشۇنغا ئىئانە قىلىشنى خالايتتى. قىزچاق ھاياجانلانغان ھالدا قۇلىقىدىكى مونچاقنى ئالماقچى بولدى. بىراق بۇ مونچاقلار نەچچە يىل ئىلگىرى قۇلاققا سېلىنغان بولغاچقا، قۇلاقتىن چىقىرىش ئاسان بولمىدى. رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ ھاياجانلىنىپ جىددىيلىشىپ كەتكەن قىزچاق قۇلىقىدىكى مونچاقلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر تارتىۋىدى، مونچاقلار قولىغا چىقتى. بىراق قولىقىنىڭ يۇمشىقىدىن قان چىقتى، قولىقىنىڭ يۇمشىقى يىرتىلغانىدى. بۇ پىداكار، مەرت قىزچاق قۇلىقىدىن ئاققان قانغا قىلچە پەرۋا قىلماستىن ئەڭ قىممەتلىك زىبۇ-زىننىتىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا قويىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ قاراپ تۇرغاندا ئۇ ئىنتايىن خاتىرجەم ۋە خۇشال ئىدى.

## 2) ئۆچرىمىغان دۈشمەن ۋە مەدىنىگە قايتىش

ئىسلام قوشۇنى مىڭ كىلومېتىرلىق جاپالىق ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن نىھايەت تەبۇككا يېتىپ باردى. لېكىن ئۇ يەردە ۋىزانتىيە قوشۇنى ياكى خرىستىئان ئەرەب قەبىلىسىنىڭ دۈشمەن ئەسكەرلىرى كۆرۈنمىدى. ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك ھەيۋەتلىك ئىسلام قوشۇنى دۈشمەنىنىڭ كۆزىنى قورقۇتقانىدى. ۋىزانتىيە بىلەن خرىستىئان ئەرەبلەر مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ۋاز كەچكەنىدى. لېكىن ئىسلام قوشۇنى قەدىمى يەتكەنلىكى ۋىزانتىيە تۇپرىقىدا پۈتۈن دۈشمەنلەرنى جەڭگە چاقىرىپ «مانا مەن بۇ يەردە! مەن بىلەن ئۇرۇشقىسى بارلار مەيدانغا چىقسۇن!» دەپ دوئىلغا چاقىرغاندەك قىلاتتى.

تەبۇك سەپىرى ئارقىلىق ئىسلامنىڭ كۈچ-قۇدرىتى دوست-دۈشمەنگە كۆرسىتىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخىمۇ يىراقلارغا كېتىشنى ھاجەتسىز دەپ قارىدى. تەبۇكتە بەزى كىچىك خرىستىئان قەبىلىلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى. بۇ خرىستىئان



قەبىلە ياكى بەگلىكلەر ھەر يىلى مۇئەييەن مىقداردا جىزيە تۆلەش شەرتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشكە قوشۇلدى. ئىسلام قوشۇنى تەبۇكتە 20 كۈن تۇرغاندىن كېيىن مەدىنىگە قايتتى.

قوشۇننىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى مەدىنىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن ئاياللار ۋە بالىلار خۇشاللىقتا يولغا چىقتى. ناخشا ـ قوشاقلارنى ئېيتىپ قوشۇننى مەدىنىگە كىرىدىغان يولدا داغدۇغىلىق قارشى ئالدى.

## 3) تەبۇك سەپىرىگە قاتناشمىغانلار

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە كېلىپلا مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقىدى، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتتى. مەسجىدتە ئۆزى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى. تەبۇك سەپىرىگە چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرەخاھلىق تىلەپ كەلگەنلەرنىڭ سۆزىنى بىر ـ بىرلەپ ئاڭلىدى. ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىدى. لېكىن يوللۇق بىرەر باھانە سەۋەبى يوق ھالدا سەپەرگە چىقمىغان ئۈچ كىشى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا:

ـ سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا ئاللاھتىن بىرەر ھۆكۈم كەلگۈچە ساقلاڭلار. ـ دېدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا سالام قىلمىدى. باشقا مۇسۇلمانلارمۇ بۇ ئۈچ كىشىگە ئەللىك كۈن سالام قىلمىدى، گەپ سۆز قىلمىدى.

سىزنىڭچە بۇ ئەللىك كۈن ئىچىدە بۇ ئۈچ ساھابە نېمىنى ئويلىغاندۇ؟ قانداق ياشىغاندۇ؟

...........................................................................................

...........................................................................................

بۇ ئەھۋال ئۇ ئۈچ نەپەر ساھابىگە بەك ئېغىر كەلدى. كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولدى. بۇ دۇنيا ئۇلارغا تار كەلدى. ھەر كۈنى تەۋبە قىلىپ يىغلاشتى. ئاخىرىدا ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئەپۇ قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل بولدى.

### پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئوغلى ئىبراھىم

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاياتىدا ئۇچرىغان كۆڭۈلسىزلىك ۋە جاپا ـ مۇشەققەت ئالدىدا ھېچبىر ۋاقىت قورقۇپ ئۈمىدسىزلەنمىدى. باللىق دەۋرى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكىنىدەك، ياشلىق دەۋرىمۇ يوقسۇللۇق ۋە جاپا ئىچىدە ئۆتتى. لېكىن ئۇ ھېچبىر ۋاقىت بۇ قىيىنچىلىقتىن ۋايسىمىدى، ھېچكىمگە موھتاج بولمىدى، كۆپ ئىشلىدى، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەردى، بەل قويۇۋەتمىدى، ھاياتقا مەھكەم باغلاندى، ھەر ۋاقىت ئۈمىدۋار بولۇپ، ياراتقۇچى ئاللاھتىن ھەمىشە ياردەم تىلىدى، ئاللاھقا سېغىندى.

كېيىن توي قىلىپ ئاتا بولدى، ئۆزى دادىسىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان بولغاچقا بالىلىرىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇلارنى ئاسراپ كۆيىنەتتى. بىر ئوغلى دۇنياغا كەلگەندە بەك خۇشال بولغانتى. ئۇنىڭغا بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى قويىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ قاسىم ئىسىملىك بىر ئوغلى دۇنياغا كېلىپ ئۇزاق ياشىمايلا ۋاپات بولغانتى. ئەمدى ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن بولغان ئىبراھىمى بار ئىدى. ئۇنى دائىم قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيەتتى، پۇرايتتى. ئەپسۇسكى، ئىبراھىم بىر يېرىم ياشقا كىرگەندە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولدى. كۈنسىرى كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئۆلۈمگە يېقىنلىشىۋاتاتتى.

پەيغەمبىرىمىز بۇ ئوغلىنى قۇچىقىدىن چۈشۈرمەي، ئاللاھتىن شىپا تىلەپ دۇئا قىلاتتى. لېكىن ئاللاھتائالا ئىبراھىم ئۈچۈن تەقدىر قىلغان ئۆمۈر ئاخىرلىشىپ ئىبراھىم ۋاپات بولدى. پەيغەمبىرىمىز كۆز يېشىنى توختىتالمىدى. ھىجران ئازابىنى قەلبىگە كۆمدى. ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇپ مۇنداق دېدى:

ـ ئەي ئىبراھىم، سەن ئۆلگەنلىكىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز ماتەمگە چۆمدۇق. ئەگەر ئۆلۈم ئاللاھنىڭ تەقدىرى بولمىغان بولسا، ئاللاھ ساڭا بەرگەن ئۆمۈر مۆھلىتى توشمىغان بولسا، ئىلگىرى ئۆلگەنلەر بىلەن كېيىن ئۆلگەنلەر جەننەتتە كۆرۈشمەيدىغان ئىش بولسا، سېنىڭ ۋاپاتىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق قايغۇرغان بولاتتۇق، ئوغلۇم! (مۇسلىم، «فەزائىل»، 62 ـ 63)

# 5 . مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج ئىبادىتى (631-يىلى)

ئەسىرلەر ئىلگىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام مەككىدە كەبىنى بىنا قىلغانتى. كېيىن جىبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئۇلارغا كەبىنى قانداق تاۋاپ قىلىشنى كۆرسەتتى. ھەج ئىبادىتىنى قانداق ئادا قىلىشنى ئۇلارغا ئۆگەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامۇ ھەجنى خەلققە چۈشەندۈرۈپ ئۆگەتتى. ئارىدىن نەچچە يۈز يىل ۋاقىت ئۆتتى. كىشىلەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن دىنىي ئېتىقادنى تەدرىجى ئۇنۇتتى. ئاللاھقا قۇللۇق، ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇت، ھەيكەل ياساپ بۇتقا چوقۇندى. كەبىنىڭ ئىچىنى بۇت-ھەيكەللەرگە توشقۇزىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، توغرا بولغان ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ئورنىغا خۇراپىي ئېتىقاد يەرلەشتى. ھەتتا ئىش شۇ دەرىجىگە كەلدىكى، بۇتقا چوقۇنىدىغان ئەرەبلەر كەبىنى قىپ-يالىڭاچ تاۋاپ قىلىدىغان بولدى. چۈنكى ئۇلار بىرەر كىيىم ئۇستىمىزدىكى چاغدا گۇناھ قىلغان بولساق، بۇ كىيىم بىلەن كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا بولمايدۇ دەپ قارىغاچقا كەبىنى يالىڭاچ تاۋاب قىلىشنى ئومۇملاشتۇردى. ئۇلار مۇشۇ دەرىجىدە ئاداشقان ئىدى.

ھىجرەتتىن توققۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاللاھتائالا مۇسۇلمانلارنى بۇندىن كېيىن كەبىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئۆگىتىلگەندەك تاۋاپ قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇ يىلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ھەجگە بارماي، ئورنىغا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى ئۈچ يۈز نەپەر مۇسۇلمان بىلەن بىللە مەككىگە يولغا سالدى. بۇ ھەج ئۆمىگى يولدا كېتىۋاتقاندا رەسۇلۇللاھقا يېڭى ۋەھيى كەلدى، ھەج ئىبادىتىنى تەرتىپكە سالىدىغان دىنىي ھۆكۈملەر نازىل بولدى. ئەمدى كەبە مۇشرىكلارنىڭ بۇزۇق ئادەتلىرىگە ماكان بولماي، ئۆزىگە تېگىشلىك قەدىر-قىممەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەتكە قايتىدىن ئېرىشەتتى. پەيغەمبىرىمىز دەرھال ھەزرىتى ئەلىنى ھەج ئۆمىگىنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئەلى يولدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ، پەيغەمبىرىمىزگە كەلگەن ۋەھيىنى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمرلىرىنى يەتكۈزدى. مۇسۇلمانلار ئۇ يىلى شەكىل جەھەتتىن گۈزەل ھالدا ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلدى. مۇشرىكلار يەنىلا ئۆزى خالىغانچە بۇزۇق ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

ھەزرىتى ئەلى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاپشۇرۇقىنى بويىچە زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10-كۈنى، يەنى قۇربان ھېيت كۈنى مىنادا بىر خۇتبە ئوقۇدى. تەۋبە سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا قىرائەت قىلغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلدى:

1. ھەممەيلەن بىلسۇنكى، مۇسۇلمانلاردىن باشقا ھېچكىم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.
2. بۇ يىلدىن كېيىن بۇتقا چوقۇنىدىغانلار ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەر كەبىگە يېقىن كېلىشكە بولمايدۇ.
3. ھەر قانداق كىشىنىڭ يالىڭاچ ھالدا كەبىنى تاۋاپ قىلىشىغا بولمايدۇ. مۇشرىكلارنىڭ ئادىتىگە خاتىمە بېرىلىدۇ.

بۇ يېڭى بەلگىلىمىلەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈل ئەرەبىستان مۇسۇلمان بولدى. ئۇ يىلدىن كېيىن مەككىدە مۇشرىك قالمىدى.



# 6 . ۋىدالىشىش ھەججى (632-يىلى)

ھەج پەرز قىلىنغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئادا قىلغان تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ھەج ۋىدالىشىش ھەججىدۇر. بۇ ھەجنىڭ ۋىدالىشىش ھەججى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلەر بىلەن بۇ ھەجدە ۋىدالاشقانلىقىدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەججىدىن 81 ياكى 82 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ۋاپات بولدى.

632-يىلى ئىسلام پۈتكۈل ئەرەبىستانغا تارقىلىپ بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج ئۈچۈن مەككىگە بارىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەج قىلىش شەرىپىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان مۇسۇلمانلار مەدىنىگە يىغىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى پاتىمە بىلەن بىللە ئاياللىرىمۇ بار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غۇسلى تاھارەت ئېلىپ ھەج ۋە ئۆمرىگە نىيەت قىلىپ ئىھرام باغلىدى. پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ھەج قىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە يىغىلغانلارنىڭ سانى 100 مىڭ كىشىگە يېقىنلاشقانىدى.

سىزمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج قىلىشنى ئارزۇ قىلارمىدىڭىز؟

..............................................................................

..............................................................................

يول بويى قوشۇلۇپ ماڭغانلار ۋە مەككىدىكى مۇسۇلمانلار بولۇپ، شۇ قېتىمقى ھاجىلارنىڭ سانى 124 مىڭ كىشى بولدى. ئۇن مىڭلارچە كىشى ھاياجان ئىلكىدە «ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر! لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ۋە لىللاھىل ھەمدۇ» دەپ تەكبىر ئېيتتى. ئارقىدىن «لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيك، لەببەيكە لا شەرىكە لەكە لەببەيك...» سادالىرى ئاسماننى زىل-زىلىگە كەلتۈردى. 124 مىڭ كىشى ئادەم كەلكۈنى ھالىتىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۇن كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ساھابىلەر مەككىگە يېتىپ كەلدى. كەبىنى تاۋاپ قىلدى. سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن ۋاقتىدا تۆگىسىگە مىنىپ ئەراپات ۋادىسىغا كەلدى. كۈن پاتقۇچە

بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلاش ئۈچۈن 124 مىڭ مۇسۇلمان ئەتراپىغا توپلاندى. ئۇلار ئىنتايىن دىققەتتە تۇراتتى. گويا ئۇلارنىڭ بېشىغا قۇش قونغان، قۇشنى ئۇچۇپ كەتمىسۇن دەپ بېشىنى قىلچە مىدىرلاتماي، قىمىر قىلماي جىم تۇرغان ھالەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئەراپات ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆگىسى قەسۋانىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تارىختا نەقش بولغان، زېھنىلەرگە مەھكەم ئورنىشىپ، قەلبكە يەرلەشكەن مەشھۇر «ۋىدا خۇتبىسى»نى سۆزلىدى. بۇ چاغدا ئىسلام دىنى ئەمدى تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئۇشبۇ ئايەت نازىل بولدى:

«بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم.» (مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبىسنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى. خۇتبىنىڭ ھەممە تەرەپكە ئاڭلىنىشى ئۈچۈن ئاۋازى يۇقىرى چىقىدىغان ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىز سۆزلىگەن جۈملىلەرنى بىرمۇ بىر تەكرارلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«... ئەي ئىنسانلار! سۆزۈمنى ياخشى ئاڭلاڭلار، بەلكىم كېلەر يىلى سىلەر بىلەن بۇ يەردە قايتا يۈز كۆرۈشەلمەسلىكىم مۇمكىن.

ئەي ئىنسانلار! بۇ كۈنلەر قانداق مۇقەددەس كۈن، بۇ ئاي قانداق مۇقەددەس ئاي، بۇ شەھەر مەككە قانداق مۇقەددەس بىر شەھەر بولغان بولسا، سىلەرنىڭ مېلىڭلار، جېنىڭلار، ئىپپەت ـ نۇمۇس ۋە شان ـ شەرىپىڭلارمۇ شۇنداق مۇقەددەستۇر. بۇنىڭغا ھەر قانداق كىشىنىڭ چېقىلىشى ھارامدۇر.

دوستلىرىم! كەلگۈسى ئاخىرەت كۈنىدە رەببىڭلار بىلەن كۆرۈشىسىلەر. بۇ دۇنيادىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىڭلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر. مەن كەتكەندىن كېيىن ھەرگىز ئىلگىرىكى نادان، ئازغۇن ھالەتكە قايتىپ بىر ـ بىرىڭلارنى قىرغىن

قىلماڭلار. بۇ ۋەسىيەتىمنى بۇ يەردىكىلەر بۇ يەرگە كېلەلمىگەنلەرگە يەتكۈزۈڭلار. بەلكى بۇنى كېيىن ئاڭلىغۇچىلار ھازىر بۇ يەردە ئاڭلىغۇچىلاردىن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى مۇمكىن.

ساھابىلىرىم! ئىسلامدىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى خۇن دەۋالىرى ھەممىسى ئەمەلدىن قالدى. مەن ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان تۇنجى قان دەۋاسى تاغىلىرىم رابىئا بىن ھارىسنىڭ قان دەۋاسىدۇر.

مۆمىنلەر! سىلەرگە ئىككى ئامانەت قويۇپ قويدۇم. بۇ ئامانەتلەرنى چىڭ تۇتساڭلار، يولدىن ئادىشىپ كەتمەيسىلەر. بۇ ئامانەتلەر ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانى ـ كەرىم بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدۇر.

ئەي مۆمىنلەر! سۆزۈمنى ياخشى ئاڭلاڭلار، سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر، ھەممىڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن دۇنياغا كەلدىڭلار. ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن يارىتىلغان. شۇڭا ھېچكىم ھېچكىمدىن نەسەپ جەھەتتە ئۈستۈن ياكى پەس ئەمەس. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۈستۈنلۈك پەقەت تەقۋا بىلەن، ئاللاھقا ياخشى بەندىچىلىك قىلىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ. مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن قېرىنداشتۇر.

ساھابىلىرىم! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، بەش ۋاقىت نامازنى ئوقۇڭلار. رامىزان روزىسىنى تۇتۇڭلار، مېلىڭلارنىڭ زاكىتىنى بېرىڭلار. سىلەرنى باشقۇرغۇچى مۇسۇلمان باشلىقلىرىڭلارغا ئىتائەت قىلىڭلار، مۇشۇنداق قىلساڭلار رەببىڭلارنىڭ جەننىتىگە كىرىسىلەر.

ئەي ئىنسانلار! كەلگۈسى مەھشەر كۈنى سىلەردىن مېنى سورايدۇ. ئاخىرەت كۈنى مېنىڭ ھەققىمدە نېمە دەيسىلەر؟

ئەگەر سىز ئۇ يەردە بولغان بولسىڭىز، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سوئالىغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىڭىز؟

..............................................................................

..............................................................................

ساھابىلەر ھەممىسى بىرلىكتە:

ـ ئاللاھنىڭ دىنىنى بىزگە ئۆگەتتىڭىز، ۋەزىپىڭىزنى جايىدا ئورۇنلىدىڭىز. بىزگە نەسىھەت، ۋەسىيەت قىلدىڭىز دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز! ـ دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئاسمانغا قارىتىپ كۆتىرىپ، جامائەتكە قارىتىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن ئۈچ قېتىم:

ـ شاھىت بول يا رەب! شاھىت بول يا رەب! شاھىت بول يا رەب! ـ دېدى.

ۋىدا خۇتبىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقا ھەج ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلدى. مۇسۇلمانلار ھەممىسى بىرلىكتە پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىپ، ئۇ نېمە قىلسا شۇنى قىلاتتى. ئىبادەتلەر قۇربان ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنىگىچە داۋاملاشتى. ئون مىڭلارچە مۇسۇلمان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتراپىدا ۋىدالىشىش تاۋىپى ۋە سەئيى قىلدى. ھېيت تۈگىگەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز مەككىدىن ئايرىلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

# 7 . رەسۇلۇللاھنىڭ ئاغرىپ قېلىشى ۋە دۇنيادىن خوشلىشىش

## 1) قېرىنداشلىرىمنى سېغىندىم

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدا ھەججىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئاغرىپ قېلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى مەدىنىدىكى جەننەتۇل باقى قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلغانتى. بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇئا قىلدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز گۇيا ئۈممىتىنىڭ تىرىكلىرى بىلەن ۋىدالىشىش ھەججىدە، ۋاپات بولغانلار بىلەن بۇ قەبرىستانلىقتا خوشلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. قەبرىستانلىقتىكىلەرگە قاراپ مۇنداق دېدى:

- ئەي تۇپراق ئاستىدىكىلەر، سىلەرگە ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن! ئىنشائاللاھ، بىر كۈنى بىزمۇ سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا بارىمىز.

كېيىن پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدى:

- قېرىنداشلىرىمنى كۆرۈشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم، ئۇلارنى بەك سېغىندىم.

ساھابىلەر:

- سىزنىڭ قېرىنداشلىرىڭىز بىز ئەمەسمۇ ئەي رەسۇلۇللاھ؟ - دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز:

- سىلەر مېنىڭ دوستلىرىمسىلەر. قېرىنداشلىرىم تېخى دۇنياغا كەلمىدى. - دېدى. ساھابىلەر:

- ئۈممىتىڭىزدىن تېخى دۇنياغا كەلمىگەنلەرنى ئاخىرەتتە قانداق تونۇيسىز ئەي رەسۇلۇللاھ؟ - دېگەندە، پەيغەمبىرىمىز:

- بىر ئادەمنىڭ بىر ئېتى بولسا، بۇ ئاتنىڭ قاشقىسى ۋە پۇتى ئاق رەڭدە بولسا، بۇ ئاتنى سىدام قارا رەڭلىك ئاتلارنىڭ ئىچىدە تېپىپ تونۇۋالالامسىز؟ - دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

- ئەلۋەتتە تونۇيالايدۇ، ئەي رەسۇلۇللاھ. - دېيىشتى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز:

- مەھشەر كۈنى مېنىڭ قېرىنداشلىرىم تاھارەت ئالغان ئەزالىرى ئاپپاق پارلاپ تۇرغان ھالدا كېلىدۇ. مەن كەۋسەر سۈيىنىڭ يېنىدا ئۇلارغا كەۋسەر سۇنۇش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرىمەن. - دېدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزنى «قېرىنداشلىرىم» دەپ تىلغا ئېلىشى سىزگە نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

..............................................................................

..............................................................................

قەبرى زىيارىتىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ يېتىپ قالدى. قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەنتى. پۇت- قولىدا ماغدۇر يوقتى. بەزىدە ھوشىدىن كېتەتتى. ئۇتتەك قىززىپ كەتكەن بەدىنى بىر ئاز بولسىمۇ سالقىنلىسۇن دەپ ئۈستىگە سۇ تۆكەتتى.

## ئاخىرقى ئالتە دىنار

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاغرىپ يېتىپ قالغان كۈنلەردىن بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز ساھابىلىرى بىلەن رازىلاشماقچى (ھالاللاشماقچى) بولدى. ساھابىلەر مەسجىدكە يىغىلىشتى. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدى:

– ساھابىلىرىم، مەنمۇ بىر ئىنسانمەن. سىلەرنىڭ بەزىلىرىڭلارنىڭ ھەققى ماڭا ئۆتۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، بەزىلىرىڭلارنى بىلمەي رەنجىتىپ قويغان بولۇشۇم مۇمكىن. مەندە ھەققى بارلار كېلىپ ھەققىنى ئالسۇن، رەنجىگەنلەر كېلىپ ئۇرۇۋالسۇن. ئەي ئاللاھىم، مەن ئاجىز بىر ئىنسانمەن، مۇسۇلمانلاردىن ھەر قانداق بىر كىشىگە ئېغىر گەپ قىلغان ياكى ئۇلارنى قىيناپ سالغان بولسام، سەن ئۇنى ئۇ كىشىنىڭ مەغپىرەت (كەچۈرۈم) قىلىنىشى، مەنىۋى جەھەتتىن پاكلىنىشى، ساۋاپقا ئېرىشىشىگە سەۋەب قىلغىن! (ئەھمەد، 3-جىلد، 400)

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇلارنى دەپ بولغاندىن كېيىن ھارغىن ھالدا ھوجرىسىغا كىردى. كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغانىتى. ئائىشە ئانىمىزنى يېنىغا چاقىردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق ئېغىر كېسەل ھالەتتىمۇ كەمبەغەل خوشنىلىرى، ئۈممىتىنىڭ ئىچىدىكى ھاجەتمەن يوقسۇل كىشىلەرنى ئويلاۋاتاتتى. يانچۇقىدىكى بار يوقى ئالتە دىنار پۇلنى چىقىرىپ ئائىشە ئانىمىزغا بېرىپ، بۇ پۇلنى كەمبەغەللەرگە بېرىشنى تاپىلىدى-دە، كۆزىنى يۇمدى. ئائىشە ئانىمىز ئۇ چاغدا رەسۇلۇللاھنىڭ كېسىلىگە قاراۋاتقان بولۇپ، ئالدىراش ھالدا ئۆي ئىشلىرى قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېسىلى بارغانسىرى يامانلىشىشقا باشلىدى، ئورنىدىن تۇرالماي ياتاتتى. بىر ئاز ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن ئائىشە ئانىمىزغا قاراپ:

– ھېلىقى دىنارلارنى قانداق قىلدىڭ؟ موھتاجلارغا تارقىتىپ بەردىڭمۇ؟ – دەپ سورىدى. ئائىشە ئانىمىز ئالدىراشچىلىقتىن بۇنى ئۇنتۇپ قالغانىتى.

– ياق، مەن سىزنىڭ كېسىلىڭىزگە قارايمەن دەپ باشقا ھېچقانداق ئىشقا قاراشقا چولام تەگمىدى. – دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۇلنى ئۆزىگە ئەكىلىپ بېرىشنى ئېيتتى. ئائىشە ئانىمىز ئەكىلىپ بېرىشى بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئۇنى قولىغا ئېلىپ:

– ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد بۇ پۇلنى يېنىدا قويغان پېتى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بېرىشنى خالىمايدۇ!

– دېگەندىن كېيىن پۇلنىڭ ھەممىسىنى كەمبەغەل ئائىلىلەرگە ئۈلەشتۈردى. ئائىشە ئانىمىز ئۇنى دەرھال شۇ ئائىلىلەرگە ئەۋەتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇيرىغان ئىش ئورۇندالغاندىن كېيىن بۇنى ئاڭلىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز:

– ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم! – دەپ ئۇيقۇغا كەتتى. (ئىبنى ھەنبەل، 6-جىلد، 104)



**2) ئەڭ ئاخىرقى نەسىھەتى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشقا بەش كۈن قالغاندا كېسىلى ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۆمرىنىڭ بۇ ئاخىرقى كۈنلىرىدە سالامەتلىك ئەھۋالى ئازراق ياخشىلىنىشى بىلەنلا قىزى ۋە ئاياللىرىغا ئاخىرقى نەسىھىتىنى قىلدى. «قىزىم پاتىمە، ئايالىم سەفىييە، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان مەقبۇل ئىشلارنى قىلىڭلار. ئەگەر سىلەرنى قۇتقۇزغۇدەك سالىھ ئەمەللىڭلار بولمىسا، مەندىن ئۈمىد كۈتمەڭلار. چۈنكى سىلەر ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلمىساڭلار، مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن» دېدى.

يەنە گەپ قىلغۇدەك ماغدۇرغا كەلگەن بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامازغا ھەرگىز سەل قارىماڭلار! نامازغا دىققەت قىلىڭلار. سىلەر بېقىشقا مەسئۇل بولغان ئادەملەرگە ئوبدان مۇئامىلە قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ ھەققىگە چېقىلماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئۇلارنىڭ قورسىقىنى ئاچ قويماڭلار. كىيىم-كېچەك ئېلىپ بېرىڭلار. ئۇلارغا مۇلايىملىق بىلەن ياخشى گەپ قىلىڭلار!» دېدى.

شۇنى كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىرىلىپ چىشنى مسۋاك بىلەن چوتكىلىدى. مسۋاك ئىشلىتىۋاتقاندا كۆڭلى شۇنداق خۇشال ئىدىكى، خۇددى ئىلگىرى بۇنداق مسۋاك ئىشلىتىپ باقمىغاندەك كۆرۈلدى.

**3) ئاخىرقى ناماز**

ۋاپات بولۇشنىڭ ئالدىنقى كۈنى خۇپتەن ۋاقتى ئىدى. ئەزان چىقتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پات-پات ھوشىدىن كېتەتتى. ھوشىغا كېلىپلا يېنىدىكىلەردىن ناماز ئوقۇلغان ياكى ئوقۇلمىغانلىقىنى سورىدى. «سىزنى ساقلاۋاتىدۇ» دېيىشتى. بىر ئاز ئېسىگە كەلسۇن دەپ ئۈستىگە سۇ تۆكتى. نامازغا چىقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى، ئەمما تۇرالماي يىقىلىپ ئايلىنىپ كەتتى. نامازغا چىقىش ئۈچۈن يەنە ئۈستىگە سۇ تۆكتى. لېكىن ئورنىدىن تۇرغۇدەك ماغدۇرى يوقتى، يەنە ھوشىدىن كەتتى. ئۈچىنچى قېتىم يەنە سىناپ باققان بولسىمۇ، يەنە ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇ قېتىم ھوشىغا كېلىپلا: «ئەبۇ بەكرىگە ئېيتىڭلار، نامازنى ئۇ ئىمام بولۇپ ئوقسۇن» دېدى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە جامائەت بولۇپ ئوقىغان ئەڭ ئاخىرقى نامىزى شۇ كۈنكى نامازشام بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى نامازلارنىڭ ھەممىسىگە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىماملىق قىلدى.

ئەگەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىماملىققا تەيىنلىمىگەن بولسا، سىزنىڭچە ئەھۋال قانداق بولۇشى مۇمكىن ئىدى؟

..........................................................................................

..........................................................................................

## 4) رەببى بىلەن ئۇچرىشىش

پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولىدىغان كۈنى كېچىسى قىزىتمىسى تۆۋەنلىدى. سەھەرگە يېقىن بىر ئاز راھەتلىدى. دۇشەنبە ئەتىگەندە ھوجرىسىنىڭ مەسجىدكە ئېچىلىدىغان ئىشىكىدىكى پەردىنى قايرىپ قارىدى. ساھابىلەر ئۇنچە مارجاندەك تىزىلىپ ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارقىسىدا خاتىرجەم ھالدا بامدات نامىزى ئوقۇۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۆزى ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولىۋاتقان ساھابىلىرىنىڭ بۇنداق گۈزەل ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇشىغا قاراپ تۇردى.

سىزنىڭچە بۇ ئەھۋالدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟

.................................................................................................

.................................................................................................

رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ساھابىلەر ئۇ پەيتتە قاتتىق ھاياجانلاندى. پەيغەمبىرىمىزنى ساقىيىپتۇ دەپ خۇشال بولۇشتى. پەيغەمبىرىمىز ئىشىكنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈپ، ھوجرىسىغا كىرىپ ياتتى. ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك يۈزىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشى بۇ بولدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەنىدى. پېشىنگە يېقىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. تولا ھوشىدىن كېتەتتى. ئامراق قىزى پاتىمە ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇراتتى.

– ۋاي دادامنىڭ كېسىلى! – دەپ چارىسىز يىغلايتتى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ:

– قىزىم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما! بۈگۈندىن كېيىن داداڭنىڭ ھېچقانداق يېرى ئاغرىمايدۇ. كېسەل ئازابى تارتمايدۇ. – دەپ قىزىغا تەسەللىي بەردى.

پەيغەمبىرىمىز قولىنى يېنىدىكى قاچىدىكى سۇغۇق سۇغا چىلاپ ھۆل قىلىپ يۈزىگە سۈركەيتتى.

– لا ئىلاھە ئىللەللاھ! ئاللاھىم، سەكرات ئازابىغا چىداش ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىلغىن! مېنى ئەپۇ قىلغىن، ماڭا مەرھەمەت قىلغىن! – دەپ دۇئا قىلاتتى.

كېيىن قولىنى كۆتىرىپ ئۈچ قېتىم:

– ئاللاھىم! مېنى «ئەڭ ئۇلۇغ دوست»نىڭ يېنىغا ئاپارغىن! – دېدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بېشى ئائىشە ئانىمىزنىڭ قۇچىقىدا ئىدى. بۇ ئاخىرقى دۇئا بىلەن تەڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك قولى يان تەرەپكە ساڭگىلاپ چۈشتى. ئائىشە ئانىمىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشىنى ئاۋايلاپ كۆتىرىپ ياستۇققا قويدى. ئەمدى ئۇنىڭ روھى ئۇچۇپ چىقىپ «ئەڭ



ئۇلۇغ دوست» رەببىگە كەتكەن ئىدى.

بۇ ۋاقىت 632 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يەنى رەبىيۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى دۈشەنبە ئىدى.

## 5) ئالەمنى ماتەم قاپلىدى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار مەسجىدتە يىغلاشقا باشلىدى. ھەممەيلەن ھەيرانلىق ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي يىغلايتتى. ھەتتا ھەزرىتى ئۆمەرمۇ: «رەسۇلۇللاھ ئۆلمىدى، ھېچقانداق ئادەمنىڭ «رەسۇلۇللاھ ئۆلدى» دېيىشىگە رۇخسەت يوق! مۇشۇنداق دېگەننى ئاڭلاپ قالسام كاللىسىنى ئالىمەن! رەسۇلۇللاھ پەقەت ھوشىدىن كەتتى!» دېدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بۇ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلاپلا دەرھال ئېتىغا مىنىپ يېتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كىلىپ يۈزىدىكى رەختنى ئاچتى، يىغلاپ تۇرۇپ ئېگىلىپ ئۇنىڭ پىشانىسىغا سۆيدى ۋە: «ۋەللاھى، رەسۇلۇللاھ ۋاپات بوپتۇ. بىزلەر ئاللاھتىن كەلدۇق، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز، يەنە ئاللاھقا قايتىمىز! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! سەن ۋاپات بولۇپ ئۆلۈم ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ بوپسەن. ۋاھ، مېنىڭ پەيغەمبىرىم!» دېدى. ئاندىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ پىشانىسىگە سۆيدى. بېشىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن «ۋاھ، مېنىڭ دوستۇم!» دەپ يەنە ئېگىلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ پىشانىسىگە سۆيدى. «ۋاي، مېنىڭ كۆز قارچۇغۇم، جىگەر پارەم!» دەپ يەنە پىشانىسىگە سۆيدى. ئاندىن «سەن ھايات چاغدىمۇ گۈزەل ئىدىڭ، ۋاپاتىڭدىمۇ گۈزەل تۇرۇپسەن. سېنىڭ ھاياتىڭ ۋە ۋاپاتىڭ نەقەدەر گۈزەل!» دەپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىگە رەخت يېپىپ قويغاندىن كېيىن سىرتقا چىقتى.

ھەزرىتى ئۆمەر تېخىچە جامائەتكە: «رەسۇلۇللاھ ئۆلمىدى! كىم ئۇنى ئۆلدى دېسە كاللىسىنى ئالىمەن!» دەپ ۋاقىراۋاتاتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقتى. خەلق ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. ئەبۇ بەكرى ئاللاھتائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن «سىلەردىن كىمكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىبادەت قىلىۋاتقان بولسا، شۇنى ياخشى بىلسۇنكى، ئۇ ئۆلدى. كىمكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىۋاتقان بولسا، بىلسۇنكى، ئاللاھ ئەبەدىيدۇر، مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ!...» دېگەندىن كېيىن ئۇشبۇ ئايەتنى ئوقىدى:

«مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى. ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ.» (ئال ـ ئىمران سۈرىسى 144 ـ ئايەت) «(ئى مۇھەممەد) شۈبھىسىز، سەن ئۆلىسەن، ئۇلارمۇ (يەنى مۇشرىكلارمۇ) ھەقىقەتەن ئۆلىدۇ.» (زۇمەر سۈرىسى 30 ـ ئايەت)

ساھابىلەر خۇددى ئىلگىرى بۇ ئايەتنى ئاڭلاپ باقمىغاندەك ھەيران ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ سۆزى ۋە ئۇ ئوقىغان ئايەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېسىگە كېلىشتى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ سۆزى جىددىيچىلىكنى پەسەيتتى. ئاندىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى، رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى (ئورۇنباسارى) قىلىپ سايلىدى.

شۇنداق، ھەر ئىنسان، ھەتتا پەيغەمبەرمۇ ئەلۋەتتە بىر كۈنى ئۆلىدۇ. ئۇنى بۇ دۇنياغا ئەۋەتكۈچى ئۇنى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ھامىنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىدۇ.

ئاللاھ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى، ئاخىرقى پەيغەمبىرىنى دۇنيادىن ئېلىپ كەتتى. بۇندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى سۆيگۈچىلەرنىڭ قەلبىدە ئەبەديي ياشايدۇ.

رەببىمىز بىزنى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئاخىرەتتە بىللە بولۇشقا نېسىپ قىلسۇن! كەۋسەر سۈيىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قولىدىن ئېلىپ قانغۇدەك ئېچىشنى نېسىپ قىلسۇن! ئامىين.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزلىرى ساھابە ـ كىراملارغا قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟

...........................................................................................................

...........................................................................................................

# سوئاللار

## قانچىلىك ئۆگەندىم؟

1. مۇشرىكلار ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىنى نېمە سەۋەپتىن بۇزدى؟ قانداق بۇزدى؟

2. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە قان تۆكمەي كىرىش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنى قوللاندى؟

3. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇتلارنى چاققاندا قايسى ئايەتنى ئوقۇدى؟

4. قۇرئانى ـ كەرىم مۇمتەھىنە سۈرىسىدە بايان قىلىنغاندەك، پەيغەمبىرىمىز مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئىسلامغا كىرگەن ئايال ساھابىلەردىن قايسى مەزمۇندا بەيئەت ئالدى؟ بۇ بەيئەت قانداق قىلىندى؟

5. ھۇنەين ئۇرۇشىدا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر ۋە غەنىمەتماللار قانداق تەقسىم قىلىندى؟

6. ئەتراپتىكى قەبىلىلەرگە ئىسلامىي دەۋەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن مۇئەللىملەرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايسى جەھەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى تەكىتلىدى؟

7. تەبۇك سەپىرىنىڭ مۇشەققەتلىك ئۇرۇش مەنىسىدە «غەزۋەتۇل ئۇسرا» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى قايسىلار؟

8. تەبۇك سەپىرىگە چىققان مۇناپىقلارنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق بولدى؟

9. تەبۇك ئۇرۇشىغا ماڭغانلارغا: «بۇ ئىسسىقتا سەپەرگە چىقماڭلار» دېگەن مۇناپىقلارغا قۇرئان قانداق جاۋاب بەردى؟

..........................................................................................

..........................................................................................

..........................................................................................

10. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدا خۇتبىسىدە قايسى مەسىلىلەرنى تىلغا ئالدى؟

..........................................................................................

..........................................................................................

..........................................................................................

11. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىكى نەسىھەتلىرىدە قايسى ئىشقا دىققەت قىلىشنى تاپىلىدى؟

..........................................................................................

..........................................................................................

..........................................................................................

12. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغان ۋاقىتنى مىلادى ۋە ھىجرىيە كالېندارى بويىچە دەپ بېقىڭ.

..........................................................................................

..........................................................................................

..........................................................................................

## توغرا جاۋابنى تاللاڭلار

1. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇزائە قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلغان بەنى بەكىر قەبىلىسىگە ياردەم قىلغان مەككىلىك مۇشرىكلارنى ئاۋۋال نېمە قىلىشقا تەكلىپ قىلدى؟

A) خۇزائە قەبىلىسىگە دىيەت (خۇن تۆلىمى) تۆلەش

B) مۇسۇلمانلاردىن كەچۈرۈم سوراش

C) بۇندىن كېيىن ھېچكىمنى ئۆلتۈرمەسلىك

D) ئۆلتۈرۈلگەن خۇزائەلىكلەرنىڭ سانىغا تەڭ ئەسىرنى خۇزائە قەبىلىسىگە بېرىش

2. پەيغەمبىرىمىز مەككىنى پەتھى قىلىشتىن ئىلگىرى بىرەر ئۇرۇشقا چىقماقچى بولسا، ئۇرۇش تەييارلىقىدا قانداق پرىنسىپ قوللانغان؟

A) مەسلىھەت　　B) كۈچلۈك تەييارلىق

C) مەخپى تەييارلىق　　D) جاسارەت

3. مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بولۇپ، مەككە پەتھى قىلىنغاندا مۇسۇلمان بولغان كىشى كىم؟

A) ئەبۇ لەھەب　　B) ئەبۇ جەھىل

C) ھارىس بىن ھىشام　　D) ئەبۇ سۇفيان

4. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مەككىنى پەتھى قىلىپ شەھەرگە كىرىۋاتقاندا تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە بېشىنى ئالدىغا ئېگىپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. بۇ ھالەت تۆۋەندىكى ھالەتلەردىن قايسى ھالەتنى ئىپادىلىمەيدۇ؟

A) ئاللاھقا شۈكۈر قىلىۋاتقانلىقى

B) كەمتەرلىكى

C) كۆڭلى يېرىم بولغانلىقى

D) غەلبىنى ئاللاھنىڭ بىر ياردىمى دەپ قارىغانلىقى

5. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىلىكلەرنى كەچۈرۈم قىلغاندا قايسى پەيغەمبەرنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى؟

A) يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ئەپۇ قىلىشى

B) يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرىنى ئەپۇ قىلىشى

C) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىنى ئەپۇ قىلىشى

D) سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى ئەپۇ قىلىشى

6. مۇسۇلمانلار دەسلەپتە كۆڭلىدىكى غورۇر تۈپەيلى مەغلۇپ بولۇشقا تاس قالغان، كېيىن ئەقلىنى تېپىپ كۈچىنى يىغىپ ئۇرۇشۇش نەتىجىسىدە غەلبە قىلغان ئۇرۇش تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى؟

A) مۇئتە ئۇرۇشى　　B) تەبۇك سەپىرى

C) ھۇنەين ئۇرۇشى　　D) ئوھۇد ئۇرۇشى

7. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىنىكئانىسى (سۈت ئانىسى)نىڭ ئىسمى بىلەن جەمەتى تۆۋەندىكىلەردىن قايسى رەتتە توغرا يېزىلغان؟

A) ئامىنە \ بەنى ھاشىم جەمەتى

B) فاتىمە \ بەنى تەمىم جەمەتى

C) ھەلىمە \ بەنى سەئىد جەمەتى

D) ھەلىمە \ بەنى سەقىف جەمەتى

8. مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئەتراپتىكى قەبىلىلەردىن ئىسلامنى ئۆگىنىش ياكى ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن توپ-توپ بولۇپ ئەلچىلەر ئۆمىگى كەلگەن يىل نېمە يىلى دەپ ئاتالدى؟

A) غەلبە يىلى　　B) خۇشاللىق يىلى

C) ئەلچىلەر يىلى　　D) ھەيئەتلەر يىلى

160

9. تەبۇك سەپىرى قۇرئانى كەرىمدىكى قايسى سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان؟

A) مائىدە سۈرىسى B) ئەنئام سۈرىسى

C) ۋاقىئە سۈرىسى D) تەۋبە سۈرىسى

10. تەبۇك سەپىرىگە چىققاندا پەيغەمبىرىمىز قايسى ساھابىسىنى مەدىنىدە ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ قالدۇرۇپ قويىدى؟

A) ھەزرىتى زەيد B) ھەزرىتى سەئىد

C) ھەزرىتى ئەلى D) ھەزرىتى ئۆمەر

11. تەبۇك سەپىرىگە سەۋەبسىز قاتناشمىغان ئۈچ ساھابىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟

A) ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇسۇلمانلار ئۇلار بىلەن گەپلەشمىدى، سالاملاشمىدى.

B) مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ سەممىي تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى.

C) يالغان باھانە سەۋەب بىلەن پەيغەمبىرىمىزنى قايىل قىلالىدى.

D) مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بۇ ئىش ئۇنتۇلۇپ كەتتى، ئۇلار بۇرۇنقىدەك ياشاۋەردى.

12. ھىجرىيەنىڭ 9-يىلى ھەج ئۈچۈن مەككىگە ئەۋەتىلگەن ئۆمەككە پەيغەمبىرىمىز كىمنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى؟

A) ھەزرىتى ئۆمەر B) ھەزرىتى ئەلى

C) ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى D) ھەزرىتى مۇسئەب

13. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋىدا خۇتبىسىنى قەيەردە سۆزلىگەن؟

A) مىنادا B) كەبىدە

C) مۇزدەلىفەدە D) ئەراپاتتا

14. پەيغەمبىرىمىز مەھشەر كۈنى مۆمىن قېرىنداشلىرىنى قانداق تونۇيدۇ؟

A) مۆمىنلەر تاھارەت ئالغان ئەزالىرى ئاپپاق پاقىراپ تۇرغان ھالەتتە كېلىدۇ.

B) كىمنىڭ مۆمىن ئىكەنلىكى پەيغەمبىرىمىزگە خەۋەر قىلىنىدۇ.

C) مۆمىنلەر ئۆزىنى پەيغەمبىرىمىزگە تونۇشتۇرىدۇ.

D) مۆمىنلەر ئۈستىگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈممىتى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدىغان بىر كىيىم كىيىپ كېلىدۇ.

15. پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى نەسىھىتىدە تۆۋەندىكىلەردىن قايسىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن؟

A) زاكاتنى تولۇق بېرىڭلار

B) نامازغا دىققەت قىلىڭلار

C) ھەرگىز يالغان گەپ قىلماڭلار

D) كۆپلەپ نەپلە روزا تۇتۇڭلار

16. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھىجرىيە كالېندارىنىڭ قايسى ئېيىدا تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان؟

A) مۇھەررەم ئېيى B) رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيى

C) رەجەپ ئېيى D) رامىزان ئېيى

17. پەيغەمبىرىمىزنى تەسۋىرلىگەن جۈملىلەردىن تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى توغرا؟

1) كائىناتتىكى ئەڭ شەرەپلىك ئىنسان

2) ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مېھرىبان كىشى

3) پەقەتلا مۇسۇلمانلارغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى

4) ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشى

5) ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانغا باراۋەر.

6) بىردىنبىر ھەقىقەت پەيغەمبەردۇر.

A) 1)، 2)، 4)، 6) B) 1)، 2)، 3)، 5)

C) 1). 3)، 6) D) 1)، 2)، 4)، 5)

## تېپىشماق



### ئوڭدىن سولغا

2. ئىنسانلار چوقۇنىدىغان، لېكىن ئۇلارغا ھېچقانداق پايدىسى بولمايدىغان جىسىملار
4. مەدىنىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ ئىسمى، مەنىسى «ئەبەدى جەننەت» ، جەننەتۇل....
5. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ ھوجرىسىدا ۋاپات بولغان ئانىمىزنىڭ ئىسمى
10. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېنىكئانىسى ھەلىمەنىڭ جەمەتى
11. «لەببەي، ساڭا كەلدۇق» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەپچە تەلەپپۇزى
13. ئىمان ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمان قىياپىتىدە كۆرۈنىدىغان كىشى
14. كەبىنى ئەتراپىنى ئايلىنىش ئارقىلىق ئادا قىلىدىغان بىر خىل ئىبادەت شەكلى
16. پەيغەمبىرىمىز مەھشەر كۈنى مۆمىنلەرگە ئىچكىلى بېرىدىغان سۇنىڭ ئىسمى
17. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇئەززىنى: ھەزرىتى ......
18. ھەق.....كۆرىشى

### يۇقىرىدىن تۆۋەنگە

1. مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن قەبىلىنىڭ ئىسمى
3. قىلىنغان ياخشىلىقنى ئۇنۇتماسلىق مەنىسىدىكى بىر ئەخلاقىي ئاتالغۇ
4. «ھەقىقەت كەلدى، ...... يوق بولدى» (ئىسرا سۈرىسى 81 ـ ئايەت)
6. مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ھەۋازىنلىقلار بىلەن قىلىنغان ئۇرۇشنىڭ ئىسمى
7. ئۇرۇشتا غەلبە قىلغاندىن كېيىن قولغا چۈشكەن مال قاتارلىق نەرسىلەر
8. پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسى بىلەن مەككە پەتھى قىلىنىپ بىر يىلدىن كېيىن ئىسلامغا كىرگەن قەبىلە
9. ۋىزانتىيەنىڭ مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش تەھدىتىگە قارشى قىلىنغان مۇشەققەتلىك سەپەر
12. ئارىسىدا سەئيى ئىبادىتى قىلىنىدىغان ئىككى ئېگىزلىكنىڭ بىرى
13. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز چىشىنى دائىم ئۇنىڭ بىلەن چوتكىلايدىغان نەرسە، بىر دەرەخنىڭ شېخى
15. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى خۇتبىسى

# جاۋابلار

## بىرىنچى بابنىڭ جاۋابلىرى

### تېپىشماق جاۋابى (44 ـ بەت)



### تاللاش جاۋابى (41 ـ بەت)

| | | |
|---|---|---|
| B-3 | C-2 | D-1 |
| B-6 | D-5 | A-4 |
| B-9 | A-8 | C-7 |
| C-12 | C-11 | D-10 |
| C-15 | C-14 | D-13 |
| B-18 | C-17 | C-16 |
| | D-20 | D-19 |



## ئىككىنچى بابنىڭ جاۋابلىرى

### تېپىشماق جاۋابى (80 ـ بەت)



### تاللاش جاۋابى (78 ـ بەت)

| | | |
|---|---|---|
| B-3 | C-2 | A-1 |
| C-6 | C-5 | D-4 |
| D-9 | B-8 | B-7 |
| 12-A | 11-C | D-10 |
| C-15 | D-14 | A-13 |
| | B-17 | D-16 |

## ئۈچىنچى بابنىڭ جاۋابلىرى

### تېپىشماق جاۋابى (125 ـ بەت)



### تاللاش جاۋابى (122 ـ بەت)

| | | |
|---|---|---|
| C-3 | C-2 | C-1 |
| C-6 | C-5 | B-4 |
| D-9 | C-8 | B-7 |
| B-12 | D-11 | B-10 |
| C-15 | D-14 | D-13 |
| C-18 | D-17 | C-16 |
| | D-20 | C-19 |

## تۆتىنچى بابنىڭ جاۋابلىرى

### تېپىشماق جاۋابى (162 ـ بەت)



### تاللاش جاۋابى (160 ـ بەت)

| | | |
|---|---|---|
| D-3 | C-2 | A-1 |
| C-6 | B-5 | C-4 |
| D-9 | C-8 | C-7 |
| C-12 | B-11 | C-10 |
| B-15 | A-14 | D-13 |
| | D-17 | B-16 |